# قىزىل مىڭئۆيگە سىزىلغان ھېكايە



**The Murals in Buddha Cave Temples at Kizil, Kucha**

(تولۇق نۇسخا)

ئاپتور:  قۇربان ۋەلى

**2017- يىل 2-ئاي، ۋاشىنگتون**

# ئاپتوردىن

بۇ <قىزىل مىڭئۆيگە سىزىلغان ھېكايە> 1986-يىلى ئۈرۈمچىدە نەشىر قىلىنغان <قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى> دېگەن كىتابنىڭ تولۇقلانغان نۇسخىسى . بۇ يېڭى نۇسخىغا 'كۇسەن نەغمىسى' دېگەن بىر باب قوشۇلدى.

بۇ كىتابنىڭ دەستلەپقى نەشرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى بىر مۇئاۋىن ئەرباب تەرىپىدىن 'بۇددىزم ھېكايىلىرىنى ماركسىزم بىلەن تەنقىت قىلماپتۇ' دەپ چەكلەنگەن، كېيىن كۆپ تالاش-تارتىشلار ئارقىلىق بۇددىزم ھېكايىلىرىنىڭ رەڭلىك رەسىملىرى رەڭسىز رەسىمگە ئالماشتۇرۇلۇپ ئاز تىراژدا بېسىلىپ چىققان ئىدى.

ئوتتۇز يىلدىن بۇيان قەغىزىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، خەتلىرى، رەسىملىرى غۇۋالىشىپ كېتىۋاتقان بۇ كىتابنى، ئوقۇرمەنلەر ئەتىۋارلاپ قولدىن– قولغا ئۆتكۈزۈپ، ھەتتا ئەتكەسچىلەردىن قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ ئوقۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھازىر بولسا ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى ئوقۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتابنى قايتىدىن تولۇقلاپ نەشر قىلىشقا بەل باغلىدىم.

ياپونىيە خوسو ئۇنىۋېرسىتىدىن دوكتور نۇر مۇقەددەس خانىم ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان كىتابلاردىن قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىنى ئىزدەپ تېپىپ ماڭا ئەۋەتىپ بەردى،ئۇنىڭسىز بۇ كىتابنى تولۇقلاپ نەشر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلى كىتابتا ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن رەڭسىز رەسىملەرنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈردۈم. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نۇر مۇقەددەس خانىمغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن!

قىزىل مىڭئۆيگە سىزىلغان ھېكايىلارنىڭ مەزمۇنى 'مۇقەددىمە' قاتارلىق ئالدىنقى بابلاردا، ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ پاكىتلىرى 'خاتىمە' بابىدا تونۇشتۇرۇلدى.

(2017-يىل 2-ئاي، ۋاشىنگتون، ئامېرىكا)



**1985- يىل ئۈرۈمچى**

# مۇندەرىجە


**مۇقەددىمە ........................................................................................ 5-بەت**

**ساكيامۇنى ۋە بۇددىزىم ............................................................ 14-بەت**

**تەڭرىلەر ........................................................................................ 25-بەت**

**مىڭ بۇددا ........................................................................................ 28-بەت**

**نىرۋان ........................................................................................ 31-بەت**

**مايترىيا بۇددا ........................................................................................ 33-بەت**

**بۇددىساتىۋالار ........................................................................................ 37-بەت**

**راھىپلار،ساخاۋەتچىلەر، ئىبادەتچىلەر ............................................... 39-بەت**

**كۇسەن نەغمىسى ........................................................................................ 42-بەت**

**دوزاق ۋە ئاۋاستى ........................................................................................ 52-بەت**

**بۇددانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى ............................................................ 54-بەت**

(1).خانىنىڭ كەپتەرنى قۇتقۇزۇپ، لاچىنغا بەدىنىدىن گۆش كېسىپ بېرىشى ........................ 56-بەت

(2).سودىگەرلەنىڭ ئەجدىھاردىن قۇتۇلىشى ............................................................ 58-بەت

(3).خانىنىڭ لەھەڭ بېلىققا ئايلىنىپ، خەلقىنىڭ كېسلىگە دەۋا بولۇشى............................ 59-بەت

(4).ئىككى باشلىق قۇش ........................................................................................ 61-بەت

(5).ۋاپادار مايمۇننىڭ ئالالتۇرۇلىشى ............................................................ 63-بەت

(6).پىلنىڭ ئۆز گۆشىنى تەقدىم قىلىشى ............................................................ 65-بەت

(7).مايمۇن پادىشاھنىڭ كۆبرۈك سېلىشى ............................................................ 67-بەت

**(8).خاننىڭ ئۆز بېشىنى تەقدىم قىلىشى ............................................................ 69...-بەت**

**(9).ماھاساتۋى شاھزادىنىڭ يولۋاسقا يەم بولۇشى .........................................72-بەت**

**(10).كەپتەرنىڭ مېھمان كۈتۈشى ..............................................................74-بەت**

**(11).خاننىڭ ئۆز قولنى مەشئەل قىلىشى ..................................................76-بەت**

**(12).ۋاپاسىز سودىگەرنىڭ تاشپاقىنى ئۆلتۈرۈشى .....................................77-بەت**

**(13).ئوتۇنچىنىڭ ئېيىقنى ئوۋچىغا كۆرسىتىپ قويۇشى ................................79-بەت**

**(14). تولپارنىڭ سودىگەرلەرنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشى ..........................81-بەت**

**(15).مارال پادىشاھنىڭ خان ئوردىسىغا بېرىشى .........................................84-بەت**

**(16). ئالتۇن كېپىكنىڭ تېرە تەقدىم قىلىشى ................................................86-بەت**

**(17).تۇشقاننىڭ ئۆزىنى كاۋاپ قىلىشى ............................................................ .....87-بەت**

**(18).شىرنىڭ مايمۇنغا ياردەم قىلىشى ............................................................ ......89-بەت**

**(19).پىلنىڭ ئۆز چىشىنى تەقدىم قىلىشى ..................................................91-بەت**

**(20).ئاپەتنىڭ ئانىسى ....................................................................................94-بەت**

**(21).ئادالەتپەرۋەر تورنا ..................................................................................97-بەت**

**(22).دېدەك بىلەن قوشقارنىڭ جېدىلى ............................................................ ...101-بەت**

**(23).تۆتىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈشى ..........................................................................103-بەت**

**(24).ئارزۇلۇق گوھەر .......................................................................................105-بەت**

**(25).نىلۇپەر خېنىم ........................................................................................108-بەت**

**(26).يىلان پادىشاھنىڭ تېرە تەقدىم قىلىشى ................................................111-بەت**

**(27).ئوتۇنچىنىڭ ئېيىقنى يولۋاسقا تۇتۇپ بېرىشى ..........................................113-بەت**

**(28).قونچاق ئويۇنى ..........................................................................................115-بەت**

**(29).ۋەزىرنىڭ راھىپلارغا ساراي سالدۇرۇپ بېرىشى ..........................................118-بەت**

**(30).رەسسام ......................................................................................................120-بەت**

**(31).پىل كۆندۈرۈش ........................................................................................122-بەت**

**(32).چىپار بۇغا ............................................................................................ ......124-بەت**

**(33).مايمۇنلارنىڭ خانغا ياردەملىشىپ خانىشنى ئىزدىشى .................................. .....126-بەت**

**(34).دېڭىزنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ تاشلاپ گوھەر سۈزۈش ..................................129-بەت**

**(35).سېخى شاھزادە ..........................................................................................132-بەت**

**(36).خاننىڭ دەۋا سورىشى ..............................................................................135-بەت**

**(37).دېڭىزغا كىرىپ گوھەر ئىزدەش ...............................................................142-بەت**

**(38).جەك ئاتلىرىنى جۇۋازغا قوشۇش ............................................................ 144-بەت**

**بۇددىزم ئىمارەتچىلىكى ...................................................................................146-بەت**

**خاتىمە ............................................................................................ ....150-بەت**

**ئاپتورنىڭ تەرجىمە ھالى ................................................................................153-بەت**

# مۇقەددىمە

'قىزىل مىڭئۆي' نىڭ قەدىمى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقى ھەققىدە يازما ئىسپات يوق. بۇ نام ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا 'باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىسىدىكى بۇددىزم ئىبادەتخانىسى' دېگەن مەنىدە چۈشىنىلىدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا بۇددىزم ئىبادەتخانىلىرى 'ساڭرام' دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇر تىلىغا 'سانسكرىت' تىلىدىن كىرگەن، مەنىسى 'راھىپلار جەم بولىدىغان ئورۇن'.

قىزىل مىڭئۆي تەڭرىتاغدىكى قارلىق-مۇزلۇقلاردىن بىۋاستە ئېقىپ كەلگەن سۈزۈك سۇلار چۆلتاغ جىرالىرىدىن ئۆتۈپ ھاسىل بولغان مۇزات دەرياسى بىلەن تېرىسىق جىرالىرى-دىن ئۆتۈپ ھاسىل بولغان قىزىل دەرياسى قوشۇلغان بىر پىنھان جايدىكى بوستانلىق-نىڭ يېنىدا.



قىزىل مىڭئۆي قىزىلتاغ قاپتىلىدىكى بىر پىنھان جايدا ( 1984-يىلى تارتىلغان رەسىم)

قىزىل مىڭئۆي قەدىمقى كۈسەن دۆلىتىدىكى مەشھۇر بۇددا ساڭراملىرى (ئىبادەتخانىلىرى) نىڭ بىرى. كۈسەن دۆلىتى بولسا مىلادىدىن بۇرۇن ھون تەڭرىقۇتى تېررىتورىيىسىدىكى بىر شەھەر دۆلىتى، ئۇنىڭ ئاھالىلىرى توخرى تىلىنى قوللىنىدىغان قوۋم ئىدى. ھازىر بۇ قىزىل مىڭئۆينىڭ تاملىرىدا ئەينى زاماندا كۈسەن رەسساملىرى سىزغان بۇددىزم ھېكايىلىرى بار. قىزىل مىڭئۆيدىكى بۇ قەدىمقى بۇددىزم ئەسەرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قىممەتلىك تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

قەدىمقى كۈسەن دۆلىتى ئۆز زامانىسىدا ئىقتىسات، مەدەنىيەت، سەنئەت ناھايىتى تەرەققى قىلغان، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى كۈچلۈك، دۆلەت پۇقرالىرى نەغمە-ناۋا ئىچىدە ياشايدىغان، بىر باياشات دۆلەت ئىدى. بۇ، تۆۋەندىكى رەسىملەردىن مەلۇم:



بۇ رەسىم يېڭى 1- غاردا



**بۇ رەسىم يېڭى 1- غاردا**

**بۇددىزىم مىلادىيدىن بۇرۇن 6- ئەسىردە قەدىمقى نىپالدىن تارقالغان، كۇسەن دۆلىتىگە مىلادى 1- ئەسىردە قەدىمقى ئافغانىستاندا ياشايدىغان توخرىلار ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن. بەزى تەتقىقاتچىلار نىڭ قارىشىچە، قەدىمقى كۇسەن دۆلىتىدە دەسلەپتە بۇددىزىمنىڭ 'سەرۋاستى ۋادىنا' (سانسكرىت تىلىدىكى مەنىسى 'ھەممە كىشىنىڭ بۇددا بولۇش ئېھتىماللىقى') دېگەن تەلىمات تارقالغان.***

***لۈچېڭ <ھىندىستان بۇددىزىمىدىكى ئېقىملار توغرىسىدا قىسقىچە بايان> جوڭگو بۇددىزىم جەمئىيىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن نۇسخا .**

بـۇددىزم قەدىمقـى كۇسـەن دۆلـىتىگە كىرگەنـدىن كېـيىن، ئـۇنى كۇسـەن ئەدىپلـىرى، پەيلاسوپلىرى، رەسسـاملىرى ئۆزىنىـڭ ئەنئەنـۋىي ئەدەبىيـات ۋە گـۈزەل سـەنئەت ئۇسلوبى بۇيىچە تەرەققى قىلدۇرۇپ يىلتىز تارتقۇزۇش ئۇچۇن، بۇددىزىمدىن ئىبارەت بۇ يېڭى نەزىرىيىنى قىزىل مىڭئۆينىڭ تاملىرىغا سىزىپ چىققان. مىڭئـۆيگە سـىزىلغان بۇ ھېكايىلار ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەندە، بىر يۈرۈش 'قەدىمقـى ئۇيغۇر رىۋايەتلىرى' گە ئايلاندى. ھازىر بۇ قەدىمقى رىـۋايەتلەرنى تەتقـق قىلـش بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئاتلاپ ئۆتۈشكە بولمايدىغان بىـر مـۇھىم مەزمۇن بولۇپ قالدى.

قولىڭىزدىكى بۇ <قىزىل مىڭئۆيگە سىزىلغان ھېكايە >نى، زامانىمىزدىكى ئۇيغۇرلارغا ئۆز ئەجدادلىرى تارىختا بېسىپ ئۆتكەن بۇددىزم دەۋرىنى ئەسلىتىش ئۇچۇن تۈزۈپ چىقتىم . بۇ كىتابقاكىرگۈزۈلگەن قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنىنى يېشىشتە پايدىلانغان قەدىمقى بۇددىزم كىتابلىرى ۋە باشقا تەتقىقات ماقالىلىرىنىڭ مەنبەسىنى كۆرسەتتىم.

*          *          *

قىزىل مىڭئۆينىڭ جوغراپىيىلىك ئورنى باي ناھيىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە، ناھيە بازىرىدىن 67 كېلومېتىر يىراقلىقتىكى قىزىل دەپ ئاتالغان بىر يېزا تەۋەسىدە. شەرقىي مېردىيانىنىڭ 82.5 ، شىمالىي پاراللىلىنىڭ 41.7 سىگە توغرا كېلىدۇ.

تارىخىي خاتىرىلەردىن قارىغاندا، مىلادىدىن بۇرۇن كۇسەن دۆلىتىدە 80 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە بار. بۇ ئەلنىڭ مىنىك ئاتلىرى داڭلىق، يوڭ توقۇلما مەھسۇلاتلىرى، ئۇسۇملۇك دورا ماتېرىياللىرى ، نازۇك زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى ۋە ئۈزۈم قاتارلىق مېۋە-يېمىشلىرى مەشھۇر . *

*<خەننامە. جاڭچەن تەزكىرىسى>

**تاڭ سۈلالىسى راھىپى شۈەنزاڭ بۇددىزم تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىپ كېلىش ئۈچۈن قەدىمقى چاڭئەن شەھىرىدىن ھىند ۋادىسىغا بارغاندا يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، شۇ زاماندا كۇسەن دۆلىتىدە 100 دىن ئارتۇق ساڭرام بار ئىدى. ئۇنىڭدا 'ھىنايانا' (سانسكرىتچە مەنىسى 'كىچىك يول') مەزھىپىنىڭ تەلىماتلىرى تەرغىپ قىلىناتتى. ئېگىزلىكى 90 گەزدىن ئاشىدىغان بۇددا ھەيكەللىرى بار ئىدى. سەھنىلەردە ناخشا-ئۇسۇل، دىراما، قونچاق ئويۇنى ئوينىلىپ تۇراتتى. بايرام ياكى چوڭ يىغىلىش بولغان كۈنلەردە، ھەر خىل ئاممىۋي تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇددا راھىپلىرى ھەر يىلى كۈز پەسلىدە بىر قېتىم چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، بۇددىزم تەلىماتلىرىنى يۇرت ئەھلىگە ياياتتى. بۇنداق پائالىيەتكە خان، ۋەزىر، پاششا (ھەربىي قوماندان)لار دىن تارتىپ يېزا-شەھەرلاردا ياشايدىغان پۇقرالارغىچە ھەممە كىشى قىزغىن قاتنىشاتتى. ھەر قايسى ساڭراملاردىن كەلگەن راھىپلار ئۆزلىرى قاتۇرغان بۇددا ھەيكەللىرى ۋە سىزغان رەسىملىرىنى كۆرگەزمە قىلاتتى...**

**مىلادى 10 – ئەسىردە، قارا خانىيلار دۆلىتىدە ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيتى تەرەققى قىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ دەۋىردە كۇسەن دۆلىتىدە يەنىلا بۇددىزم مەۋجۇت، بەلكى شۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىر نەچچە ئەسىرگىچە داۋاملاشقان. مىلادى 13– ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن مەۋلانا ئەرشىدىن ئىسىملىك ئىسلام تەرغىباتچىسى ئىسلام ئېچىپ، مىڭ يىللاردىن بۇيان بۇددىزم داۋام قىلىۋاتقان كۇسەن تارىخىنى ئۆزگەرتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن قىزىل مىڭئۆيمۇ ئەتىۋارلىنىشتىن مەھرۇم قالغان، ھەتتا مۇسۇلمانلار 'كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق، كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق، بۇتخانىنى يىقىتتۇق ...' دېگەن ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن. ***

*** <تۈركي تىللار دىۋانى> 448- بەت**

**كۇسەن ئىسلاملاشقاندىن كېيىن، گەرچە بۇ ئەلدىكى مىڭئۆي غارلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى تام رەسىملەرنىڭ كۆپۈنچىسى زەخىملەنگەن بولسىمۇ، لېكىن قىزىل مىڭئۆينىڭ ئورنى تاغ ئارىسىدىكى قاتناش قولايسىز جايدا بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى بۇددىزىم تام رەسىملىرى يەنىلا باشقا جايلارغا سېلىشتۇرغاندا بىر قەدەر كۆپ ساقلىنىپ قالغان.**

* * *

**قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرى 1930 – يىللاردىن باشلاپ چەتئەل تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن دۇنياغا تېز تونۇلۇشقا باشلىغان ۋە تەتقىقات ئۇنىڭ ساقلىنىپ قېلىشنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، 1954- يىلدىن ئېتىۋارەن خىتاي تەتقىقاتچىلىرىمۇ قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىغان. 1957- يىلى 1- ئايدا قىزىل مىڭئۆي شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن، 1963- يىلى دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئورۇن دەپ تىزىمغا ئېلىنغان.**

**قىزىل مىڭئۆي دائىرىسىدە نومۇر قويۇلۇپ، تىزىمغا ئېلىنىپ بولغان غارلارنىڭ سانى 256 تىن ئاشىدۇ. بۇ غارلار قۇرۇلما شەكلى جەھەتتىن ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ: بىر خىلى 'چاتيا' دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل غارلار قازغان ۋاقىتتىلا تۈۋرۈك قالدۇرۇپ قېزىلغان غارلاردۇر. يەنە بىر خىلى 'ۋىخارا' دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭدا تۈۋرۈك يوق ، بەزىلىرى يۇمۇلاق، بەزىلىرى سۇزۇنچاق. بۇنداق غارلارنىڭ ئىچىدە ئىبادەت قىلىدىغان ياكى دەرسخانا قىلىپ قوللىنىدىغان ئايۋان-سارايلار بار. بۇنداق غارلار كۆپۈنچە ھالدا راھىپلارنىڭ يېتىپ-قوپۇشى ئۈچۈنمۇ قوللىنىلغان.**

**قىزىل مىڭئۆي تاملىرىدا ساقلىنىپ قالغان رەسىملەرنىڭ ئومۇمى كۆلىمى تەخمىنەن 4 مىڭ كۋادىرات مېتىر. رەسىملەردە بۇددا (ساكيامۇنى) ، بۇدىساتىۋا (ئەۋلىيا ياكى**

شەرت ھازىرلاۋاتقان يەرلىك ھۆكۈمرانلار ) ، **بۇددىزىم راھىپلىرى** (سەدىقىغا تايىنىپ جان باقىدىغان دىندارلار ) ، **تەڭرىلەر** (بۇددىزمنى قوغداپ تۇرغۇچى ئىلاھى كۈچلار)، **قىزىل مىڭئۆينى ئىقتىساد بىلەن تەمىنلەپ تۇرغۇچى ساخاۋەتچىلەر ۋە ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئوبرازلىرى بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل قۇشلار، ھايۋاناتلارنىڭ ئوبرازى، ھەرخىل قەدىمى مۇزىكا چالغۇلىرى، رەڭگا-رەڭ بېزەك-زىننەت نۇسخىلىرى ۋە ئەينى زاماندا قوللىنىلغان قەدىمقى يېزىقلاردا يېزىلغان بېغىشلىمىلار بار.**

**قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى سىزىلىش، ئوبراز يارىتىش، بوياق بېرىش جەھەتلەردە ئىنتايىن روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. كۆسەن رەسساملىرى سىزىپ چىققان رەسىملەردە يارىتىلغان قەدىمقى رىۋايەتلەردىكى ئادەم ئوبرازلىرى، ھەتتا ئاسماندىكى تەڭرىلەر ئوبرازىمۇ كۆسەن خەلقىنىڭ چىراي-شەكلىگە تەخلىت قىلىنغان. قىزىل مىڭئۆي رەسساملىرى يەنە بۇددا، بودىساتىۋالار ۋە تەڭرىلەرنىڭ ئوبرازىنى ئادەتتىكى ئادەم ئوبرازلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بېشىغا نۇر چەمبىرىكى (ئەقىل نۇرى) سىزىپ قويغان.**

**قىزىل مىڭئۆيدە ساقلىنىپ قالغان رەسىملەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى كەمتۈك، بىر قەدەر ساق دېيىلگەن رەسىملەردىمۇ 'ئىسلام نەيزىلىرى' تەككەن زېدە-داغلار بار. تاملاردا يەنە چەتئەل تەتقىقاتچىلىرى ئويۇپ چىقىرىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەن رەسىملەرنىڭ ئورنى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، بۇ قىزىل مىڭئۆي يەنىلا تام رەسىملىرى بىر قەدەر كۆپ ۋە ياخشى ساقلىنىپ قالغان مىڭئۆيلەرنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ.**

**قىزىل مىڭئۆينى خىتايدا ئەڭ بۇرۇن تەتقىق قىلغان كىشى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى يەن ۋېنرۇ ئەپەندى. ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى 1962- يىلىدىن كېيىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. ***

*<مەدەنىي يادكارلىقلار> جورنىلى 1962-يىل 7-، 8- بىرلەشمە سان

**1981 – يىلىغا كەلگەندە ، <قىزىلمىڭئۆي رەسىملىرى> ناملىق بىر چوڭ رەسىملىك توپلام ياپونىيە مەبلىغى بىلەن فوتوغا ئېلىنىپ نەشر قىلىنغان. ئۇيغۇرلار ئىچىدە مىڭئۆي رەسىملىرىنى تەتقىق قىلىش 1980-يىللاردا باشلىنىپ، 86- يىلىغا كەلگەندە <قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى> ناملىق بىر كىتاب ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان.**

*            *            *

**قىزىل مىڭئۆيىنىڭ قانداق بىنا قىلىنغانلىقى توغرىسىدا، كۇچار خەلقى ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئىككى خىل رىۋايەت بار. بۇنىڭ بىرى نىم شېھىت ئارمىيە داموللا يازغان < مىڭئۆي ۋە پەرھات شىرىن> دېگەن داستاندا ھېكايە قىلىنغان. ھېكايە قىلىنىشىچە، شاھزادە پەرھات مەشۇقى شىرىنگە ئاشىق بىقارار بولۇپ يۈرگەندە، ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن تاغ -قىيالاردا 'مىڭ ئۆي' قېزىپ چىققان. بۇ رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە ، قىزىل مىڭئۆينىڭ يېنىدىكى باغۇ-بوستانلىقنى سۇ مەنبەسى تەمىنلەپ تۇرۇۋاتقان سۈزۈك بۇلاق 'پەرھاتنىڭ كۆز يېشىدىن ھاسىل بولغان' ئىكەن.**

**كۇچاردا خەلقى ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان يەنە بىر خىل رىۋايەت بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، قەدىمقى كۇسەن خانىنىڭ ئوغلى ئويۇن-تاماشاغا بېرىلىدىغان بەڭۋاش بالا بولۇپ قالغاچقا، خان ئۇنى ئوقۇتۇپ-تەربىيىلەپ، ئۆزىنىڭ ئىزىنى باسقۇدەك بىلىملىك ھەم تەدبىرلىك ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، ۋەزىر- دانىشمەنلەر بىلەن كۆپ قېتىم مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، شاھزادىغا بىلىم سىڭدۈرۈشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدىغان بىر چارە تېپىپتۇ. ئۇ بولسىمۇ ئەينى زاماندىكى چوڭقۇر مەنىلىك بۇددىزم بىلىملىرىنى ھېكايە -چۆچەك شەكلى بىلەن قىزىقارلىق قىلىپ ئىپادىلەنگەن، بىر كۆرسە مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدىغان سىزما ئوبرازلار بىلەن رەسىملەشتۈرۈلگەن بىر 'دەرسلىك كىتاب' تەييارلاپ چىقىشتىن ئىبارەت بولغان . شۇ ئېھتىياج ئۈچۈن كۇسەن خانى قىزىل مىڭئۆينى بىنا قىلدۇرغان .***

***بۇ ھېكايىنى ماڭا كۇچارلىق پىشقەدەم زىيالى يۈسۈپ باقى ئەپەندى ئېيتىپ بەرگەن.**

**قىزىل مىڭئۆي ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، قىزىل مىڭئۆي تاملىرىغا سىزىلغان رەسىملەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بۇددىزىم كىتابلىرىدىكى ھېكايىلارغا ئاساسەن سىزىپ چىقىلغان رەسىملەر ئىكەنلىكى ئېنىق، بۇ نوقتىدىن ئېيتقاندا، قىزىل مىڭئۆي تاملىرىغا سىزىلغان بۇ رەسىملەرنى ، ئىككىنچى خىل رىۋايەتتە ئېيتىلغاندەك 'رەسىملەشتۈرۈلگەن بىر پۈتۈن بۇددىزىم دەرسلىك كىتابى' دەپ ئاتاش مۇمكىن.**

**قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىنىڭ يىل-دەۋرى توغرىسىدا تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاش ئەمەس، بەزى تەتقىقاتچىلار قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىنى مىلادى 500-700 – يىللاردا سىزىلغان بولۇشى مۇمكىن دېسە، يەنە بەزى تەتقىقاتچىلار قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى مىلادىدىن بۇرۇن سىزىلىشقا باشلىغان دەيدۇ.**

**خىتاي تەتقىقاتچىلىرى قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىنى خىتاي بۇددىزىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دەيدۇ. شۇنداقلا، بەزى خىتاي رەسساملار قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىنى ' ئەينەن كۆچۈرۈپ سىزىش' دېگەن نام بىلەن قەدىمقى كۇسەنلىكلەرنىڭ ئوبرازىنى خىتايلارنىڭ چىرايىغا ئوخشىتىپ سىزىپ چىقىپ ، ئۇنى مۇزېيلاردا كۆرگەزمە قىلغان.**

**قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان كاربون 14 تەتقىقاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىنىڭ بەزىلىرى بۇنىڭدىن (1984- يىلىدىن) 1970 يىل بۇرۇن (مىلادى 14- يىلى) سىزىلغان. بۇ ئىلمىي يەكۈن پروفېسسور يەنئۆبېنرۇنىڭ پەرەزلىرىنى تەستىقلىدى .***

*<مەدەنىي يادىكارلىقلار> 1984 –يىل 4- سان 94- بەت. <جوڭگو ئارخېئولوگىيىسى كاربون 14 تەجرىبىسى توپلىمى> 153- بەت.

**قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، قىزىل مىڭئۆي تاملىرىدا ' مايتىرى بۇددا' (كېلەر زامان بۇدداسى) نىڭ ئوبرازى ۋە بۇددالارنىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى ھەققىدىكى رەسىملەر چوڭ سالماقنى ئىگەللەيدۇ.**

# ساكيامۇنى ۋە بۇددىزىم

**ساكيامۇنى بۇددىزىمنى ئىجات قىلغان كىشىنىڭ ئىسمى، ئۇ، قەدىمقى ھىندىستاندىكى ساكيا قەبىلىسىگە تەۋە 'گاۋتاما' جەمەتىنىڭ ئەۋلادى. ئۇنىڭ بوۋاق ۋاقتىدىكى ئىسمى 'جىددا ئارتا ' (سانسكرىت تىلىدىكى مەنىسى 'ھەممىگە قادىر') ئىدى. ئەمما كىشىلەر ئۇنى 'ساكيالاردىن چىققان ئەۋلىيا' دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان 'ساكيا مۇنى' دېگەن نام بىلەن ئاتاشقا ئادەتلەنگەن.**



**ساكيامۇنىنىڭ بالىلىق دەۋرى، (بۇ رەسىم يېڭى 1- غاردا)**



ساكيامۇنىنىڭ قەندىھاردا تاشقا ئويۇلغان ئوبرازى (مىلادى 3-ئەسىر)

بۇددىزىم كىتابلىرىدا ئېيتىلىشىچە، ساكيامۇنى قەدىمقى ھىندىستاننىڭ شىمال تەرىپىدىكى 'كاپىلاۋاستۇ' (بۇ جاي ھازىر نېپال پادىشاھلىقىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى تىلاۋراكوت رايونىدا) دېگەن بىر يۇرتنىڭ 'كشادرىيا' (ئىمتىيازلىق يەر ئېگىلىرى) تەبىقىسىدىن چىققان سۇتتودانا خاننىڭ شاھزادىسى. ئۇنىڭ ئانىسى ماھامايا خېنىم بولسا دېۋاداھا دۆلىتىدىكى كولىيا جەمەتىنىڭ مەلىكىسى بولۇپ، ئۇ، ساكيامۇنىنى تۇغۇپ 7 كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەچكە، ساكيامۇنىنى كىچىك ھاممىسى ماھاپراجاپوتى خېنىم بېقىپ چوڭ قىلغان.

ساكيامۇنىنىڭ باللىق دەۋرىدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا بۇددالارنىڭ ئۆتكەن ئۆمرىدىكى كەچۈرمىشلىرى تەپسىر قىلىنىدىغان «بۇددا جارىتا

سۇترا> دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، ساكيامۇنى 12 ياشقا كىرگەن ۋاقتىدىلا نۇرغۇن كىتابىي بىلىمگە ئېگە بولغان، ناھايىتى مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ئەقلىي يول بىلەن بىرتەرەپ قىلالايدىغان ، پەم-پاراسەتلىك،بولۇپ يېتىلگەن ئىكەن.

.... بىر كۈنى ساكيا بالىلىرى ئوردا قوروسىدا ئويناپ يۈرگەندە، ئوردىنىڭ ئۈستىدىن تورنىلار ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. توساتتىن بىر تورنىغا ئوق تېگىپ ساكيامۇنىنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈپتۇ. ساكيامۇنى تورنىغا قادىلىپ قالغان ئوقنى ئوڭ قولى بىلەن چىقىرىپ تاشلاپ، جاراھىتىگە سېرىق ماي سۈرۈپ قويۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ساكيا بالىلىرىنىڭ بىرى 'تورنىنى مەن ئاتقان، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرسۇن' دەيدۇ دەپ ساكيامۇنىنىڭ ھويلىسىغا ئادەم كىرگۈزۈپتۇ. ساكيامۇنى ئۇنىڭغا 'ئەگەر بۇ تورنا ئۆلۈپ كەتسە، ئۆلۈكنى بېرەي، ساقىيىپ قالسا، ئۆز جېنىنى جان ئەتسۇن' دەپتۇ.

- ئۆلسىمۇ مىنىڭ، ساقايسىمۇ مىنىڭ، دەرھال ماڭا قايتۇرۇپ بەرسۇن، - دەيدۇ دەپ يەنە بىر قېتىم ئادەم كىرگەندە، ساكيامۇنى 'مەن بارلىق جانلىقلارنى قوغدايمەن' دەپ كەسكىن جاۋاپ بېرىپتۇ.

بۇ دەۋانى سوراش خان ئوردىسى ئۈچۈن تەسكە چۈشۈپتۇ... بۇ چاغدا ئەرشتىن تەڭرىلەر چۈشۈپ 'تورنىنى كىم ساقايتسا ئېگىسى شۇ' دەپ پەتىۋا چىقىرىپتۇ ...

ساكيامۇنى چوڭ بولغانسىرى، بىلىم ئېلىش ھەۋىسى ئېشىپ، دۆلەت تەۋەسىدىكى ئالىم-ئۆلىمالارنى بىر-بىرلەپ ئىزدەپ تېپىپ، تۇنۇشۇپ، ئۇلاردىن ساۋاق ئېلىشقا باشلاپتۇ. ئەمما ساكيامۇنى ئاخىرقى ھېساپتا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىنىڭ بىلىمىگە قايىل بولماي، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىنسانىيەتنى ئازاپ-ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇش ھەققىدە بىر يۈرۈش نەزىرىيە تىكلەشكە باشلاپتۇ.

ســــاكىيامۇنىنىڭ ئانىســــى ئوغلىنىــــڭ شــــاھزادىلىق تۇرمۇشــــتا خــــاتىرجەم ئەمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، بىـر چىرايلىـق قىـز تـاللاپ ئـۇنى ئـۆيلەپ قويۇپتـۇ. ســاكىيامۇنىنىڭ رەپىقىسـى بىـر ئوغـۇل بـالا تۇغۇپتـۇ. لـېكىن سـاكىيامۇنى زېھنىنـى ئۆزىنىڭ يېڭـى نەزىرىيىسـى ئۈستىدە پىكىـر قىلىشـتىن باشقىغا چاچمايـدىكەن.

ساكىيامۇنىنىڭ 'بۇددا' بولۇپ يېتىلىش جەريانى توغرىسىدا بۇددىزىم كىتابلىرىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار: .... بىر كۈنى سۇتتۇدانا خان شاھزادىسى ساكىيامۇنىنى بىللە ئېلىپ يېزا سەيلىسىگە چىقىپتۇ. ساكىيامۇنى يولدا كېتىۋېتىپ دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي كۆزىتىپتۇ. دېھقانلار ئېتىزلىقتا ئۇرۇقلاپ داق سۆڭەك بولۇپ قالغان بەدەنلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئاپتاپتا كۆيۈپ، ئۇسساپ-چاڭقاپ، ئازاپقا چىداپ تېرىقچىلىق قىلىدىكەن. ساپان تارتىپ بىر تېرە - بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان ئۆيلار ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىنىڭ ئۈستىگە، بەدەنلىرىگە قامچا تېگىپ ئازاپ چېكىدىكەن. يەر قاتلىمىدىكى قۇرۇت-قوڭغۇزلار ئۇۋىسى بۇزۇلۇپ سىرتقا چىقىپ قالىدىكەن، قۇشلار ئۇنى تۇمۇشۇقى بىلەن چوقۇلاپ يەپ كېتىدىكەن.



ئېتىزلىقتا كەتمەن چېپىپ ھېرىپ ئازاپ چېكىۋاتقان دېھقان
(بۇ رەسىم 175 – غاردا)



**ساپان تارتىپ ھېرىپ ئازىپ چېكىنۋاتقان ئۆيلار**
**(بۇ رەسىم 175- غاردا)**

**ساكيامۇنى بۇ ئەھۋاللارنى تەپسىلي كۆزىتىپ 'بارچە جانلىقنى تۇغۇلۇش، قېرىش، ئاغرىش، ئۆلۈش ئازابلىرىدىن قۇتقۇزۇش' ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلاپتۇ.**

**ساكيامۇنى سەيلە تۈگەپ ئوردىغا قايتقان يولدا كۆرگەن بۈك-باراقسان بىر ئورمانلىقنى (پىپا ئورمانلىقنى) ياقتۇرۇپ قالغان ئىكەن. ئۇ، بىر كۈنى ئۆزى يالغۇز سىرتقا چىقىپ، بۇ ئورمانلىققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، بىر تۈپ پىپا دەرىخىنىڭ تۈۋىدە جىم ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىشقا باشلاپتۇ. ساكيامۇنى شۇ جايدا ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلىققا چىداپ 7 كۈن 'تىيانا' (مەنىسى 'جىم ئولتۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزۈش') قىلىپ 'تۆت ساتيا' (تۆت ھەقىقەت) ۋە 'ئون ئىككى نىدا' (ئون ئىككى سەۋەپ) نى چۈشىنىپ يېتىپ،**

**'بۇددا' (**ئەڭ بۇرۇن بىلىپ يەتكۈچى**) بولۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ساكيامۇنى ئۆزىنىڭ شاھزادىلىق تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچىپ، ئوردىدىن چىقىپ كېتىپ 'سرامان' (**سانسكرىت تىلىدىكى مەنىسى ئائىلىدىن ۋاز كېچىپ ھەقىقەت يولىدا ماڭغۇچى**) بولۇپ، ساخاۋاتكە تايىنىپ جان بېقىش يولىغا مېڭىپتۇ.**



**ساكيامۇنىنىڭ ئوردىدىن چىقىپ كېتىپ سرامان بولغانلىقى**
**(بۇ رەسىم يېڭى 1- غاردا)**

**سۇتتودانا خان ساكيامۇنىنى شاھزادىلىقتىن ئايرىماسلىق ئۈچۈن، ئوردىدا ئۇنىڭغا خىلمۇ-خىل بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىپتۇ. ئەڭ گۈزەل قىزلارنى تاپقۇزۇپ كېلىپ**

**ئۇنىڭغا ھەمرا قىلىپ بېرىپتۇ. لېكىن ساكيامۇنى نەغمە- بەزمىلەرگە كۆڭۈل بەرمەپتۇ. ساكيامۇنىغا چىلىك يېپىشقان سەتەڭلەر ئالۋاستىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.**



**ساكيامۇنىغا يېپىشقان سەتەڭلەر ئالۋاستىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ**
**(بۇ رەسىم يېڭى 1-غاردا)**

**... بىر كۈنى كېچىدە، ساكيامۇنىنىڭ يېنىغا قويۇلغان گۈزەتچى - مۇلازىملارنى غايىپتىن ئۇيقۇ بېسىپتۇ. ساكيامۇنى ئارغىماققا مىنىپ سەھرادىكى ئورمانلىقلارغا**

قاراپ مېڭىپتۇ. ئەرشتىن  تۆت غولام (تەڭرى باتۇرى) زېمىنگە چۈشۈپ، ساكيامۇنى مىنگەن ئارغىماقنىڭ پۇتلىرىدىن كۆتۈرۈپ ئۇنى  ئېگىز سېپىلدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ.



ئەرشتىن  تۆت غولام  زېمىنگە چۈشۈپ، ساكيامۇنى مىنگەن ئارغىماقنىڭ پۇتلىرىدىن
كۆتۈرۈپ   ئېگىز سېپىلدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ
(بۇ رەسىم   110 – غاردا)

ساكيامۇنى ئوردىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يۇرتلارنى، سەھرالارنى، ئورمانلىقلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ  سىرامان بولۇپ تېلەمچىلىك قىلىپ تۇرمۇش

**كۆچۈرۈش بىلەن بىرگە 'بۇددا' بولۇش نەزىرىيىسىنى تەرغىپ قىلىشقا باشلاپتۇ.**

**ساكيامۇنى سىرامان بولۇپ يۈرگەندە، بەزى ياخشى نىيەتلىك خانىملار ئۇنى تېلەمچىلىك قىلماي، قەدىرلىك مېھمان بولۇپ كېلىپ تۇرۇپ قېلىشقا تەكلىپ قىلىپتۇ. لېكىن ساكيامۇنى بۇنداق تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسىنى رەت قىپتۇ.**



**ياخشى نىيەتلىك خانىملار ساكيامۇنىنى قەدىرلىك مېھمان بولۇپ**
**كېلىپ تۇرۇپ قېلىشقا تەكلىپ قىپتۇ**
**(بۇ رەسىم 250- غاردا)**

**ساكيامۇنى ئۆز ئىرادىسى بويىچە، ئىزچىل ھالدا بۇددا بولۇش نەزىرىيىسىنى تەرغىپ قىلىپ يۈرۈپتۇ. ئۇ 'مرگا ۋادا' (سانسكرىت تىلىدىكى مەنىسى 'مارالىق') دېگەن جايدا**

**'تھارما' (قەدىمقى ئۇيغۇرچە 'درام'، سانسكرىتتىن قوبۇل قىلىنغان، مەنىسى رىئاللىقنى ۋە كەلگۈسىنى چۈشۈنىشنىڭ قانۇنىيىتى،) ھەققىدە ۋەز ئېيتىپ، شۇ جايدىن ئۆزىگە 5 شاگىرت ئەگەشتۇرۇپتۇ. بارا-بارا شاگىرتلىرى كۆپىيىپ 100 گە... 500 گە يېتىپتۇ .**



**ساكيامۇنىنىڭ بەش شاگىرتى ( بۇ رەسىم 110- غاردا)**

**ساكيامۇنى بۇددىزمنى تەرغىپ قىلىش جەريانىدا، ئەگەشكۈچىلىرى ئىچىدىن بەزى كىشىلەر بىلەن ئېغىر توقۇنۇشلارغا دۇچ كەپتۇ. ئۇ بولسىمۇ، ساكيامۇنىنىڭ 'دىۋاداتتا'**

**ئىسىملىك بىر شاگىرتى بىلەن بالا ۋاقتىدا 'تورنا ۋەقەسى' يۈز بەرگەندە كۆڭلىدە ساقلىنىپ قالغان ئاداۋەتتىن كېلىپ چىققان توقۇنۇش ئىكەن. ساكيامۇنىنىڭ بۇ شاگىرتى پات-پات نەزىرىيە مەسلىسىدە قارشىلىق بىلدۈرۈپ قويىدىكەن.**

**راۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بىر قېتىملىق چوڭ مەشىقتە ساكيامۇنىنىڭ بىر قولى دېۋاداتتا دېگەن شاگىرتى تەرىپىدىن ئۇمۇت بىلەن ئۇرۇپ سۇندۇرۇلغان ئىكەن. راۋايەتتە ئېيتىلىشىچە يەنە، ساكيامۇنىنىڭ بىر پۇتىمۇ سۇندۇرۇلغان ئىكەن.**



**ساكيامۇنىنىڭ سۇندۇرۇلغان قولى**
**(بۇ رەسىم 41-غاردا)**

# تەڭرىلەر

**بۇددىزىم كىتابلىرىدا 'دىۋا' دېگەن ئاتالغۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ سانسكرىتچە سۆز، مەنىسى قەدىمقى ئۇيغۇرچە 'تەڭرى' بىلەن ئوخشايدۇ، شۇنداقلا ' ئىلاھ'، 'ئەرش'، 'يۇرۇقلۇق'، 'ئاسمان'، 'جەننەت' دېگەن ئابىستراكىت ئۇقۇملارنىمۇ بىلدۈرىدۇ.**

**قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىدە كۆپ ئۇچرايدىغان تەڭرىلەرنىڭ ئەركەكلىرى'گانتارۋا'، ئاياللىرى 'كىنتارا' دەپ ئاتىلىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، تەڭرىلەر ھېمىشە 'سوما' دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل خۇشپۇراقلىق مەي ئىچىپ، ئەرشتە نەغمە-ناۋا قىلىپ يۈرەرمىش. يەر-زىمىندە قانداقلىكى بىر كىشىنىڭ ئۇلارغا ھاجىتى چۈشۈپ، ئۇلارنى سېغىنىپ ياغ پۇراتسا ياكى ئىسرىق سالسا ، ئەرشتە ئۇلارنىڭ ئولتۇغان ئورنى قىزىپ كېتەرمىش. ئۇلار بۇنداق بىشارەت ئارقىلىق زىمىندىكى ئىلتىجادىن خەۋەر تېپىپ، ئىسرىقنىڭ ھىدىنى پۇراپ يۆنىلىش بەلگىلەپ، زىمىنگە ئۇچۇپ چۈشۈپ، دەرتمەنگە چاپلاشقان 'ئالۋاستى'نى قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇنى ئازاپتىن قوتۇلدۇرارمىش. زىمىندە بىر كىمگە ئامەت كەلگەن بولسىمۇ تەڭرىلەر كېلىپ ئۇنى تەنتەنە قىلارمىش. تەڭرىلەر ھەر قانداق مەسىلىدە بۇددىزىم نەزىرىيىسىنى قوغداپ چىقارمىش. بۇددىزىم تارقالغان يۇرتلاردا، مۇشۇ تەرغىباتقا ئاساسەن خەلق ئىچىدە ئىسرىق سالىدىغان، ياغ پۇرىتىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. بۇ ئۆرپ-ئادەت ئۇيغۇرلارغا مىراس قالغان، ھازىرمۇ ئۇيغۇرلاردا مەۋجۇت.**

**رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، تەڭرىلەر خىلمۇ- خىل ئىكەن، ھەر بىر خىل تەڭرىنىڭ يەنە ئۆزىگە خاس تۈرلىرى بار ئىكەن. 'سۇريا' (كۈن تەڭرىسى)، 'ئاگنى' (ئوت تەڭرىسى، ئاتەش)، 'چاندرا' (ئاي تەڭرىسى) دېگەن تەڭرىلەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.**



**زىمىندە ئىسرىق سالسا، ئەرشتىن ئۇچۇپ چۈشىدىغان تەڭرىلەر ---**
**گانتارۋا - كىنتارالار (بۇ رەسىم يېڭى 1- غاردا)**



**سۇريا (كۈن تەڭرىسى)، بۇ رەسىم يېڭى 1- غاردا**



**چاندرا (ئاي تەڭرىسى)، بۇ رەسىم يېڭى 1- غاردا**



**دۇلدۇللۇق تەڭرى ، بۇ رەسىم 17-غاردا**



**مەپىلىك (چاقلىق) تەڭرى، بۇ رەسىم 163- غاردا**

**رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە،تەڭرىلەر ھەمىشە بىر خىل شەكىل ۋە قىياپەتتە تۇرماي، بەلكى ئۆزگۈرۈپ تۇرارمىش. ئۇلار بەزىدە ئادەم سىياقىدا، بەزىدە قۇش، ھايۋانات سىياقىدابولۇپ ھەرىكەت قىلارمىش.**

**قەدىمقى قىزىل مىڭئۆي رەسساملىرى تەڭرىلەرنىڭ ئوبرازىنى ئەرمۇ ئەمەس، ئايالمۇ ئەمەس بىر خىل ئارا جىنسلىق مەۋجۇدات قىلىپ كۆرسەتكەن. شۇنداقلا، ئۇلارنى قەدىمقى كۇسەنلىككە ئوخشىتىپ سىزغان. ھەتتا نىپالدا تۇغۇلغان بۇددانىڭ ئوبرازىنىمۇ كۇسەنلىكنىڭ چىراي-شەكلىگە تەقلىت قىلىپ سىزىپ، بۇ ئارقىلىق كۇسەنچە گۈزەل سەنئەت ئۇسلۇبى ياراتقان.**

# مىڭ بۇددا

بۇددىزمچىلار 'بۇددا' لارنى ئۆتكەن زامان بۆددالىرى ، ھازىرقى زامان بۆددالىرى ۋە كەلگۈسى زامان بۆددالىرى دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىيدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھەر زاماندا مىڭدىن جەمئى ئۈچ مىڭ بۇددا بار . ئۆتكەن زامان بۇددالىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى 'دىپامكارا بۇددا' (سانسكرىت تىلىدىكى مەنىسى 'يورۇقلۇق ياراتقۇچى' ، 'چىراق ياققۇچى') دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى زامان بۇددالىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ساكيامۇنى (ساكيا قەبىلىسىدىن چىققان ئەۋلىيا) دەپ ئاتىلىدۇ. كەلگۈسى زامان بۇددالىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى 'مايتىرى بۇددا' (مەنىسى 'رەھىمدىل'، قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا توخرىچىدىن كىرگەن) دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇددىزم تەرغىباتچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، 'ھەر قانداق كىشى ئۆزى قىلغان ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئۆتكەن ئۆمرىدە بولغانلىرى ئۆتكەن زامان بۇددالىرىنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىدىكەن؛ مۇشۇ ئۆمرىدە بولغانلىرى ھازىرقى زامان بۇددالىرىنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىدىكەن؛ ئۇ كىشىنىڭ كەلگۈسىدە قانداق بولىدىغانلىقىنى كەلگۈسى زامان بۇددالىرى بەلگىلەپ خاتىرىسىگە ئېلىپ قويىدىكەن.

بۇددىزم تەرغىباتچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ساكيامۇنىنىڭ ئاتىسىنى بارلىق ھازىرقى زامان بۇددالىرىنىڭ ئاتىسى ، ساكيامۇنىنىڭ ئانىسىنى بارلىق ھازىرقى زامان بۇددالىرى - نىڭ ئانىسى ، ساكيامۇنىنىڭ بالىسىنى بارلىق ھازىرقى زامان بۇددالىرىنىڭ بالىسى دەپ ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇلارغىمۇ چوقۇنۇش شەرت ئىكەن.

قىزىل مىڭئۆيدىكى بۇددا رەسىملىرى ئىچىدە 'مىڭ بۇددا' رەسىملىرى بىر قەدەر كۆپ. مىڭ بۇددا ئوبرازلىرى ئىچىدە مايتىرى بۇددانىڭ ئوبرازى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىدىكى بىر ئالاھىدىلىك.

مايترى بۇددانىڭ ئوبرازى كۆپۈنچە ھالدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ياكى ئىككى پۇتىنى ئالماپ ئورۇندۇقتىن پەسكە ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان شەكىلدە قىلىپ سىزىلغان. بەزىدە ساكيامۇنىنىڭ ئوبرازى بىلەن مايترى بۇددانىڭ ئوبرازىنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايمۇ قالىدۇ.

قىزىل مىڭئۆيي دائىرىسىدىكى بىر قىسىم غارلاردا، مىڭ بۇددا رەسىملىرى بېزەك ئورنىدا قوللىنىلغان. بەزى مىڭ بۇددا رەسىملىرى ئارىسىغا باشقا مەزمۇندىكى 'بۇددالارنىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى ' ياكى باشقا ئەسلىمىلەر قوشۇپ قويۇلغان.



مىڭ بۇددا (بۇ رەسىم 38- غاردا)

خاتىرىلەردىن قارىغاندا، بۇددالارنىڭ يارالمىش سەۋەپلىرى تەپسىر قىلىنىدىغان <ساخاسرا بۇددا نىدانا سۇترا> دېگەن نوم مىلادى 334 -412- يىللاردا كۇسەنلىك بۇددىزم ئۇستازى كۇماراجىۋا تەرىپىدىن خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان.



**مىڭ بۇددا (بۇ رەسىم 163- غاردا)**



**بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى ھېكايىلار (بۇ رەسىم 203- غاردا)**

# نىرۋان

بۇددىزم كىتابلىرىدا ئېيتىلىشىچە، ساكيامۇنى 80 ياشقا كىرگەندە 'كۇشىناگارا' شەھىرىدىكى بىر تۈپ' سالا' دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئۆلۈمى سانسكرىت تىلىدا 'نىرۋانا' (مەنىسى: يوقۇتۇش) دەپ ئاتىلىدۇ. ساكيامۇنىنىڭ جەسەت كۈلى 'شارىرا' دەپ ئاتىلىدۇ. 'نىرۋانا' دېگەن ئاتالغۇ قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا توخرىچە تەلەپپۇز بويىچە 'نىرۋان' دەپ قوبۇل قىلىنغان.



ساكيامۇنىنىڭ 'نىرۋان' دېگەن غايىۋى مەنزىلگە يەتكەنلىكى
(بۇ رەسىم 38 – غاردا)



**ساكيامۇنىنىڭ نىرۋانغا يەتكەنلىكىنى تۇرنىلار پۈتۈن ئالەمگە يايغان**
**(بۇ رەسىم 1- غاردا)**

**رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ساكيامۇنى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شارىراسىنى (جەسەت كۈلىنى) ھىندىستاندىكى 8 دۆلەت تەقسىم قىلىپ ئېلىپ كەتكەن .**




**شارىرا (كۈل) قۇتىسى**



**ساكيامۇنىنىڭ شارىراسىنى تەگرىلەر ئەرشكە ئېلىپ چىقىپ كەتكەن**
**(بۇ رەسىم 163-غاردا)**



**ساكيامۇنىنىڭ نىرۋان خەۋىرىنى ئاڭلىغان تەڭرى باتۇرى قولىدىكى ئۇمۇتنى چىلىك تۇتۇپ خىيالغا چۆمگەن، لاچىنلار ماتەم تۇتقان (بۇ رەسىم يېڭى 1- غاردا )**

**بۇددىزىم كىتابلىرىدا ئېيتىلىشىچە، 'نىرۋان' دېگەن ئىنسانىيەتنىڭ "تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈشنىڭ نۆۋەتلىشىشىدىن ئىبارەت بىر خىل ئازاپ–ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇش، تۇغۇلماي، ئۆلمەي، ئەقىل –ھۇشنى ساقلىغان ھالدا مەڭگۈلۈك جىم-جىت ھالەتكە ئۆتۈپ، شۇنداق بىر خىل ئالاھىدە راھەت-پاراغاتتە ياشاش" دېگەنلىكتۇر. بۇ، بۇددىزىمغا ئېتىقات قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئالى ۋە ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلىدۇر.**

# مايترى بۇددا

**بۇددىزىم كىتابلىرىدا ئېيتىلىشىچە، ساكيامۇنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا ۋەسىيەت قالدۇرۇپ 'كەلگۈسىدە مايترى بۇددا دۇنياغا كېلىدۇ' دېگەن ئىكەن. بۇددىزىمچىلار بۇ ۋەسىيەتكە ئاساسەن 'مايترى' ھەققىدە بىر يۈرۈش نەزىرىيە ئىجات قىلغان.**



**مايترى بۇددانىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىگە ئەرشتە تەنتەنە**
**(بۇ رەسىم 38-غارد)**



**مايترى بۇددانىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىگە 'ئەرشتە تەنتەنە'دىن چوڭقايتىلغان كۆرۈنۈش**

**مايترى بۇددانىڭ ئەقىل -پاراستى تەسۋىرلىنىدىغان <مايترىيا پراپرىچچا> دېگەن كىتابتا ۋە مىلادى 4 – ئەسىردە كۇسەنلىك بۇددىزم ئۇستازى كۇماراجىۋا خىتايچىغا تەرجىمە قىلغان مايترىيانىڭ دۇنياغا كەلمىشى توغرىسىدىكى ھېكايىلار سۆزلىنىدىغان كىتاب** (بۇ كىتابنىڭ سانسكرىتچە نامى <مايترىيا ۋىياكارانا>)**تا ھېكايە قىلىنىشىچە، ساكيامۇنىنىڭ ئانىسى ماھامايا خېنىم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن 'تۇشىتا'** (بۇ سۆزنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى مەنىسى: 'كېچە بولمايدىغان يورۇقلۇق ئالىمى، ئەرش) **ئالىمىنىڭ نىڭ 'سۇكھاۋاتى'** (سانسكرىت تىلىدىكى مەنىسى: بەخت ۋادىسى) **دېگەن بىر قوروسىغا چىقىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، مايترىيا بۇددا شۇ قورودا تۇغۇلغان. ھېكايە قىلىنىشىچە،مايترىيا بۇددا، تۆت مىڭ يىلدىن كېيىن ئەرشتىن ئادىمىزات ئارىسىغا چۈشۈپ 'ناگا'** (سانسكرىت تىلىدىكى مەنىسى: ئەجدىھار) **دەرىخىنىڭ تۈۋىدىن ئادەمىزات بولۇپ يارىلارمىش.**



**مايتىرى بۇددانىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىگە ئەرشتە تەنتەنە**
**(بۇ رەسىم ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا، 77- غاردىن كۆچۈرۈپ سىزىلغان )**

**'مايتىرى' دېگەن نام بۇددىزمچىلار ئارىسىدا ناھايىتى كۈچلۈك ئېتىقات قوزغىغان. شۇڭلاشقا كىشىلەردە، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئېتنىك مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولغان ئارىيانلاردا، كەلگۈسىدە دۇنياغا كېلىدىغان مايتىرىغا ئەگىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، كىشى ئۆلۈپ كەتسە ئۇنىڭ جەسەت كۆلى قاچىلانغان كومزەك ياكى قۇتىغا ئەجدىھار ئوبرازىنى سىزىپ ياكى نەقىشلەپ چىقىپ دەفنە قىلىدىغان، ئادەتتىكى رىئال تۇرمۇشتىمۇ ئەجدىھار ئوينۇتۇپ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئۆرپ-ئادەت شەكىللەنگەن.***

*** <A Sanskrit –Chninese  Dictionary> 1904– يىل توكيو نەشرى 102 –بەت**

# بۇددىساتىۋالار

**بۇددىزمدا ساكيامۇنىغا چەكسىز سادىق ئەھلى-ئىلمىيلەر، خان-ھاكىملار ۋە جامائەت مۆتىۋەرلىرى 'بۇدساتىۋا' (ئەۋلىيالىققا شەرت ھازىرلاۋاتقانلار) دەپ ئاتىلىدۇ.**



**كۇسەنلىك بۇددىساتىۋا (بۇ ھەيكەل گېرمانىيىدە)**

**رىۋايەت قىلىنىشىچە، ساكيامۇنى ۋەسىيىتىدە 'كەلگۈسى زامان بۇدداسى مايترى دۇنياغا كېلىپ زېمىنگە چۈشكىچە بولغان ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋر ئىچىدە 'كشادرىيا (سانسكرىتچە، مەنىسى 'زېمىن ئىگىلىرى')لار بۇددىزم تەلىماتلىرىنى تەرغىپ قىلىدۇ ۋە بۇددىزم تەلىماتلىرى بۇيىچە ئىش كۆرىدۇ' دەپ ئېيتقانىمىش. بۇنىڭ بىلەن**

**يەرلىك ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن دەرھال زالىملىقنى تاشلاپ بۇددا بولۇش يولىغا مېڭىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت تۇغۇلغان.**



**خان، خانىش، ۋېزىر (بۇ رەسىمنىڭ ئەسلى نۇسخىسى گېرمانىيىدە)**

**قىزىل مىڭئۆيدە بۇددساتىۋا- ھاكىملار نىڭ رەسىم -ھەيكەللىرى باشقىلاردىن ئالاھىدە، تەق-تۇرقى ئادەتتىكى ئادەملەردىن پەرقلىق ، بېشىدا تاج ۋە نۇر چەمبىرەك بار. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس قول- ئىشارىتى بار. يۇقارقى رەسىمدىكى ئۈچ كىشىنىڭ ئوڭدىن بىرىنجىسى ئوڭ قولىنىڭ ئىككى بارمىقى بىلەن 'بادام' شەكلىنى ئىپادىلەپ، سول قولى بىلەن تۆۋەندىكى بىر نەرسىنى قاماللاپ تۇرغان. بۇ، 'بۇددداغا سادىق بولۇپ ئەلنى ئىدارە قىلغۇچى' دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. ئۇ بېشىغا تاج**

كىيگەن، دېمەك ئۇ خان. ئىككىنچى كىشى ئىككى بارمىقىنى چىقىرىپ تۇرىدۇ، بۇ 'بۇددا بىلەن خانغا سادىق بولغۇچى' دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن، دېمەك ئۇ خانىش. ئۈچىنچى كىشى سول قولىنىڭ ئىككى بارمىقى بىلەن ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۇ، يۇقۇرىدىكى ئىككى كىشىنى 'ئالقىنىغا ئېلىپ كۆتۈرگۈچى' دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن، دېمەك ئۇ ۋەزىر.



شاھزادىلەر (بۇ رەسىم يېڭى 1-غاردا)

# راھىپ، ساخاۋەتچى ۋە ئىبادەتچىلەر

بۇددىزمغا ئېتىقات قىلغۇچىلار ئىچىدىكى راھىپلار ھەممە ئارزۇ- ھەۋەسلىرىنى تاشلاپ، ھەتتا ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىدىنمۇ ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى پۈتۈنلەي بۇددىزم ئىشلىرىغا ئاتىغان ئەڭ قەتئىي دىندارلاردۇر. ئۇلار مىڭ ئۆيلەرگە جەم بولۇپ ئىستىقامەت قىلىدۇ ياكى شەھەرمۇ-شەھەر يۈرۈپ بۇددىزمنى تەرغىپ قىلىپ، سادىقغە تايىنىپ تۇرمۇش كۆچۈرىدۇ.



سىرتتا يۈرىدىغان (تېلەمچى) راھىپ (بۇ رەسىم 118-غاردا)

راھىپلارنىڭ مىڭئۆيگە توپلىنىدىغانلىرى 'سانگا' (سانسكرىت تىلىدىكى مەنىسى 'بىر جايغا جەم بولغۇچىلار') دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ قەدىمقى ئۇيغۇرچىغا توخرى تىلىنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە 'سالى' دەپ قوبۇل قىلىنغان. راھىپلارنىڭ سىرتتا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرىدىغانلىرى 'بىكشۇ' (سانسكرىت تىلىدىكى مەنىسى 'تىلەمچى') دەپ ئاتىلىدۇ. ئايال تىلەمچى 'بىكشۇنى' دەپ ئاتىلىدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى 'توين' (سىرتتا يۈرىدىغان قەلەندەر) ياكى 'تۇتۇق' (ئاختا) دەپ ئاتالغان.

بۇددىزم كىتابلىرىدا ساخاۋەتچىلەر 'دانا' (ساندكرىت تىلىدىكى مەنىسى 'تەمىنلىگۈچى') دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يەر ئىگىلىرى، بايلار ۋە ئەمەلدارلار بولۇپ، ئۇلار بۇددىزم ئۈچۈن، مىڭئۆيلەر ئۈچۈن سېخىلىق بىلەن ياردەم قىلىپ تۇرۇدىغان بولغاچقا، راھىپلار ئۇلارنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە خەلقنى ئۇلارغا قارشى تۇرغۇزمايدۇ.



**ساخاۋەتچىلەر (بۇ رەسىم 189-غاردا، يىل-دەۋرى 7-ئەسىر يەنى تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە سىزىلغان، ئەسلى نۇسخىسى گېرمانىيىدە)**



**مىڭئۆيگە كېلىپ تۇرۇدىغان ئىبادەتچىلەر (بۇ رەسىم 114- غاردا)**

**بۇددىزم كىتابلىرىدا ئەر ئىبادەتچىلەر 'ئۇپاساكا'** (سانسكرىت تىلىدىكى مەنىسى 'ئىشەنگۈچى') **دەپ ئاتىلىدۇ، ئايال ئىبادەتچىلەر 'ئۇپاسىكا' دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار پۇقرالاردىن كېلىپ چىققان، ئاددى –ساددا كىيىنگەن، مىڭئۆيگە كېپ ئىبادەت قىلىپ تۇرىدىغان يەرلىك ئاھالىيلاردۇر.**

# كۇسەن نەغمىسى

**قەدىمقى كۇسەندە بۇددىزىم مىلادى 1- ئەسىردىن 13 – ئەسىرگىچە داۋام قىلغان. بۇ جەرياندا، مەيلى بۇدساتىۋالار، راھىپلار بۇددىزىم ئەنئەنىسى بۇيىچە ئۆتكۈزگەن بايرام –مۇراسىملار بولسۇن ياكى مەھەللىلەردە ئېلىپ بېرىلغان نوم تەپسىر قىلىش- ئاڭلاش پائالىيەتلىرى بولسۇن ياكى تەڭرىلەر ( كانتارۋىلار) ئەرشتە ئۆتكۈزگەن پائالىيەتلەر بولسۇن، بۇلارنىڭ ئىچىدە نەغمە-ناۋا تەڭكەش قىلىنمىغان بىرمۇ دىنىي پائالىيەت بولمىغان. بۇ ئالاھىدىلىك قىزىل مىڭئۆيگە رەسىملىرىدىن مەلۇم.**



**بۇ رەسىم 181 – غاردا ، يىل- دەۋرى مىلادى 7 – ئەسىر**
**(تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە سىزىلغان)**

**يۇقۇرىدىكى رەسىم بۇددىزىم ھەققىدە تەپسىز ئاڭلاۋاتقان كۆرۈنۈش. بۇ رەسىمدىكى يەتتە ئوبرازنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىدا چالغۇ بار. 1- قۇر ئوڭدىن 1 – ئوبرازنىڭ چېلىۋاتقىنى غۇڭقا، ئوتتۇرىدىكى قۇر ئوڭدىن 1- ئوبرازنىڭ چېلىۋاتقىنى بەربەت.**



**بۇ رەسىم 181 – غاردا ، يىل دەۋرى 7 – ئەسىر**
**(تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە سىزىلغان)**

**بۇ رەسىمۇ بۇددىزىم ھەققىدە تەپسىر ئاڭلاۋاتقان كۆرۈنۈش. بۇ رەسىمدىكى ئوبرازلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىدا چالغۇ بار. ئوتتۇرىدىكى ئۈچ ئوبرازنىڭ ئىككىسىنىڭ چېلىۋاتقىنى بەربەت، يەنە بىرىنىڭ چېلىۋاتقىنى غۇڭقا.**



**بۇرەسىم 155-غاردا، يىل-دەۋرى 7-ئەسىر**
**(تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە سىزىلغان)**

**بۇ رەسىمۇ بۇددىزىم ھەققىدە تەپسىر ئاڭلاۋاتقان كۆرۈنۈش. بۇ رەسىمدىكى ئۈچ ئوبرازنىڭ ھەممىسىنىڭ قولىدا چالغۇ بار. ئوتتۇردىكى ئوبرازنىڭ چېلىۋاتقىنى بەربەتنىڭ بىر خىلى (قۇمۇز) .**



**بۇ رەسىم 77 –غاردا ، يىل –دەۋرى 4-ئەسىر**
**(ئابدال خانلىقى دەۋرىدە سىزىلغان)**



**بۇ رەسىم  ئەرشتىكى نەغمە كۆرۈنىشى. بۇ  رەسىمدىكى كىننارا  (ئايال تەڭرى) نىڭ چېلىۋاتقىنى نەي.     رەسىم ئورنى  76-غاردا ، يىل -دەۋرى  5- ئەسىر**
**(ئابدال  خانلىقى  دەۋرىدە سىزىلغان)**

كۇسەن نەغمىسى غۇڭقا، بەربەت، نەي، ناغرا قاتارلىق كۆپ خىل چالغۇ تەڭكەش قىلىنىپ ، ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق ۋەزىيەتتە، يېڭى ئەھۋالغا ماسلىشىدىغان چالغۇ بىلەن تەڭكەش قىلىپ ئورۇنلىنىدىغان ئاممىباب نەغمە. كۇسەن نەغمىسىدە ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان غوڭقا، بەربەت، ناغرا، نەي ھەققىدىكى ئارخېئولوگىيە ۋە قەدىمقى قولىيازما ئۇچۇرلىرى تۆۋەندىكىچە:


1


2


3

1-رەسىم 181 – غاردىكى تەپسىر ئاڭلاۋاتقان مەيداندا غۇڭقا (ياكى قوڭقا) چېلىۋاتقان نەغمىچىنىڭ ئايرىم كۆرۈنىشى، يىل دەۋرى 7 – ئەسىر (تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە سىزىلغان). بۇ خىل غۇڭقا كىشىلەر توپلىنىپ بەزمە تۈزگەندە ئولتۇرۇپ چالىدىغان چالغۇ.

2- رەسىمدىكى چالغۇ 'غۇڭقا' نىڭ يەنە بىر خىل شەكلى، ئۇ، ئات ئۈستىدە ئېلىپ يۈرۈپ چېلىشقا باپ كېلىدىغان غۇڭقا. بۇ رەسىمنىڭ ئورنى قەدىمقى كۇسەن تەۋەسىدىكى قىزىل قاغا مىڭئۆيى 30-غاردا، يىل- دەۋرى 7-ئەسىر. *

新疆博物馆供稿，冯飞编著《龟兹佛窟人体艺术》*

3- رەسىمدىكى 'غۇڭقا'. بۇ، كۆپ تارلىق چالغۇ، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا 'قۇڭقئۇ' دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ غۇڭقىنى ش ئۇ ئار مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى چەرچەن زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋالغان، يىل-دەۋرى كابون 14 ئارقىلىق ئېنىقلىنىشچە، بۇنىڭدىن 3 مىڭ يىل بۇرۇن.*

* 'قوڭقئو' دېگەن چالغۇ نامى مىلادى 9-ئەسىردە توخرى تىلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان قولىيازما <چاستانى ئىلىكبەگ ھېكايىسى> دا ئۇچرايدۇ. بۇ قولىيازما تۇرپاندىن تېپىلغان. ش ئۇ ئار قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسى 1989-يىلى ئۇرۇمچىدە نەشر قىلدۇرغان <قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى> 312-بەت.

'غۇڭقا' (ياكى قۇڭقا) سەددىچىنىنىڭ ئىچىدىكى قەدىمقى ئەللەردە 'كوڭخۇ' دەپ ئاتالغان. خىتايچە تارىخي كىتابلاردا 'كوڭخۇ' دېگەن بۇ خىل چالغۇ ھەققىدە بېرىلگەن بايانلار بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ: 'كوڭخۇنى خەنۋۇدى سازەندىلەرگە بۇيرۇتۇپ ياساتقان' دېگەن بايانمۇ بار؛ ' كوڭخۇنى خەنلىڭدى غەربىي دىياردىن ئەكەلدۈرگەن' دېگەن بايانمۇ بار؛ 'كوڭخۇ خىتاينىڭ ئەڭ قەدىمي چالغۇلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ نامى غەربىي دىيارلىقلارنىڭكىگە ئوخشاش ئاتىلىپ قالغانلىقى بىر تەساددىپىلىق' دېگەن بايانمۇ بار. ئەمما ناھايىتى ئېنىق بولغىنى شۇكى، خىتايدا ، 'كوڭخۇ' مۇ خۇددى 'بەربەت' تېپىدىكى تارلىق چالغۇنىڭ ھەممىسى 'خۇچىن' (خورچە چالغۇ) دەپ ئاتالغانغا ئوخشاش 'خورچە چالغۇ' دەپ ئاتالغان.



4



5

**يۇقارقى 4- رەسىم 181 -غاردىكى تەپسىر ئاڭلاۋاتقان مەيداندا بەربەت چېلىۋاتقان نەغمىچىنىڭ ئايرىم كۆرۈنىشى. يىل دەۋرى 7 – ئەسىر (تۈرك قاغانلىقى دەۋرى)**

**5- رەسىم 77- غاردىكى ئەرشتە نەغمە قىلىۋاتقان تەڭرىلەر ئىچىدىكى بەربەت (قۇمۇز) چېلىۋاتقان نەغمىچىنىڭ ئايرىم كۆرۈنىشى، بۇ رەسىمنىڭ يىل دەۋرى مىلادى 4- ئەسىر (ئابدال خانلىقى دەۋرىدە سىزىلغان).**

**ئۇيغۇر تىلىدا 'بەربەت' دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ خىل چېكىپ چالىدىغان تارلىق چالغۇنىڭ نامى مىلادى 17-ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدىپلىرى يازغان مەشھۇر داستانلاردىمۇ ئىزچىل تىلغا ئېلىنىدۇ.***

***<چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى> 2002 –يىل ئۈرۈمچى نەشرى 88-بەتكە قاراڭ**



**6**

**6- رەسىم 185- غاردىكى تەپسىر ئاڭلاۋاتقان مەيداندا ناغرا چېلىۋاتقان نەغمىچىنىڭ ئايرىم كۆرۈنىشى، رەسىمنىڭ يىل دەۋرى مىلادى 7- ئەسىر (تۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە سىزىلغان).**

**'ناغرا' ('دۇمباق' دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۇيغۇرلاردا قەدىمقى ھون، تۈرك دەۋرلىرىدىن بۇيان تۈركىي ئەنئەنە بۇيىچە ئۆتكۈزىلىدىغان ھاياجانلىق بايرام – مۇراسىملاردا ياكى دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇمغا ئاتلانغاندا قوللۇنۇپ كېلىۋاتقان سوقما چالغۇ. 'ناغرا' دېگەن بۇ خىل چالغۇنى مىلادى 1655-1705– يىللاردا ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىپ موللا فازىل 'نەققارا' دەپ ئاتىغان.**

**'نەي' ئۇيغۇرلاردا قەدىمقى ھون،تۈرك دەۋرلىرىدىن بۇيان قوللۇنۇلۇپ كېلىۋاتقان پۈلەپ چالىدىغان چالغۇ. بۇ خىل چالغۇنىڭ نامىنى مىلادى 17- ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدىپلىرى 'ناي' دەپ ئاتىغان.***

***<چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى> 2002 –يىل ئۈرۈمچى نەشرى 665-بەت**

**بەربەت، قۇڭقا، نەي، ناغرا قاتارلىق كۆپ خىل چالغۇ تەڭكەش قىلىپ ئورۇنلىنىدىغان كۈسەن نەغمىسى خان ئوردىسىدىمۇ، ئىبادەتخانىلاردىمۇ، ھويلا-سەينالاردىمۇ، دالا-باياۋاندىمۇ، ھەر قانداق جايدا، ھەر قانداق ۋەزىيەتتە، يېڭى ئەھۋالغا ماسلاشتۇرۇپ ئورۇنلىغىلى بولىدىغان ھەممىگە باب نەغمە. ئەينى زاماندىكى كۈسەن نەغمىسىدە قوللىنىلغان بۇ چالغۇلارغا ئۇيغۇرلار ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ ۋە ئىزچىل قوللىنىپ كەلمەكتە. ***

***ئۇيغۇر ئەدىب مۇھەممەد شاۋدۇننىڭ <شىنجاڭ گېزىتى> 2013-يىل 27- دېكابىر سانىدا ئېلان قىلغان <ئۇيغۇر مۇزىكا بايلىقى ۋە مۇزىكا تىلى> دېگەن ماقالىسىدا بايان قىلىنىشىچە، زامانىمىزدىكى دۇتار، تەمبۇر، راۋاپ، خۇشتار، چاڭ، غېجەك، ناغرا، داپ، نەي، بالىمان، سۇناي، ساپايى قاتارلىق 30 خىلدىن ئارتۇق ئۇيغۇر چالغۇلىرى قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىدە مەلۇم بولغان چالغۇلارنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتىدۇر.**

# دوزاق ۋە ئالۋاستى

**بۇددىزىم كىتابلىرىدا 'ناراگا'** (سانسكرىت تىلىدىكى مەنىسى 'خوشاللىقتىن خالى جاي'، دوزاق) ، **'مارا'** (سانسكرىت تىلىدىكى مەنىسى 'قالايمىقانچىلىق سالغۇچىلار، ئالۋاستى) **دەيدىغان ئاتالغۇلار بار. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ قارىمۇ-قارشى تەرىپى جەننەت ۋە پەرىشتە.**

**بۇددىزمدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، زېمىننىڭ تېگىدە سەككىز دوزاق بار** (بەزى كىتابلاردا ئون سەككىز دوزاق بار دەيدۇ) **. ئۇنىڭ بىرى 'سامجىۋا'** (سانسكرىتچە مەنىسى 'قايتىدىن تېرىلدۈرۈپ قىينايدىغان جاي' ) **دېگەن دوزاق. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھايات ۋاقتىدا قىلغان گۇناھى ئۈچۈن بۇ دوزاققا مەھكۇم قىلىنغان كىشى قىين-قىستاققا ئېلىنىپ ھۇشىدىن كەتسە، سالقىن شامال بىلەن قايتىدىن تىرىلدۈرۈلۈپ تېخىمۇ قاتتىق قىينىلارمىش.**



**سامجىۋا (قايتىدىن تېرىلدۈرۈپ قىنايدىغان دوزاق)**
**( رەسىمنىڭ ئەسلى نۇسخىسى گېرمانىيىدە)**



**بۇ كالا سۇترا دېگەن دوزاق**
**(رەسىمنىڭ ئەسلى نۇسخىسى گېرمانىيىدە)**

**كالا سۇترا (مەنىسى 'قارا ئاغامچا') دېگەن دوزاقتا مەھكۇم قىلىنغان كىشى قارا ئاغامچىدا باغلاپ قىيىن-قىستاققا ئېلىنىپ، ئەڭ ئاخىردا يەنە قارا ئاغامچا بىلان ھەرىدەپ پارچىلىنارمىش. 'سامگا' ( بىر جايغا جەم بولىدىغان) دېگەن دوزاقتا بولسا گۇناھكارنىڭ ئادەم ياكى ھايۋان رەقىپلىرىنىڭ ھەممىسى بىر جايغا جەم قىلىنىپ، خىلمۇ-خىل قىيناش سايمانلىرىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ بىر-بىرىدىن ئۆچ ئالغۇزارمىش. بەزى كىتابلاردا ئېيتىلىشىچە، بۇ دوزاقتا يەنە بىر-بىرىگە سوقۇلۇپ تۇرىدىغان ئىككى تاغ بارمىش، گۇناھكار ئۇنىڭ ئارىلىقىدا سوقۇلۇپ - يەنجىلىپ قىينىلارمىش. قىزىل مىڭئۆيدە يۇقارقىلاردىن باشقا يەنە 'راۋراۋا' (سانسكرىتچە مەنىسى دات-پەريات سېلىپ چىقىرايدىغان) دېگەن دوزاق، 'تاپانا' (سانسكرىتچە مەنىسى ئوت كۆيۈپ تۇرىدىغان) دېگەن دوزاقنىڭ رەسىملىرى بار. بۇ دوزاقلارنىڭ رەسىملىرى تامدىن كولاپ چىقىرىۋېلىنغان.**

# بۇددانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى

بۇددىزمچىلار ' ھاياتلىقنىڭ تەكرارلىنىپ تۇرۇدىغانلىقى' غا ئىشىنىدۇ. ساكيامۇنى بۇددانى نۇرغۇن قېتىم دۇنياغا كەلگەن، ھەرخىل يۇقۇرى-تۆۋەن تەبىقە - مەنسەپتىكى ئىنسانلارنىڭ ياكى خىلمۇ -خىل قۇش-ھايۋاناتلارنىڭ ۋۇجۇدىدا تۇرۇپ ئۆتكەن، ئۇ ھەر قېتىم دۇنياغا كەلگەندە، ھامان ياخشى ئىشلارنى قىلغان، ئۇنىڭ بۇددا بولۇپ يارىلىشى ئالدىنقى ئۆمرىدە باشقىلارغا قىلغان نۇرغۇن قېتىملىق ياخشىلىقلىرى توپلىنىپ ھاسىل بولغان نەتىجە دەپ قارايدۇ.

بۇددانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرىنى قەدىمقى كۈسەن رەسساملىرى قىزىل مىخئۆي تاملىرىغا سىزىپ چىقىپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ بۇددىزم ئەقىدىلىرىنى ئەستە قالدۇرۇشى ئۈچۈن ئوبرازلىق مۇھىت ياراتقان.

بۇددانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرىدىن بۇددىزم كىتابلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى تەخمىنەن بەش يۈزگە يېتىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىسى ۋەقەلىكى رىئال ھاياتتىن ئېلىنغان، بايانلىرى قىزىقارلىق، بىرلا ئاڭلىسا ھەرگىز ئېستىن چىقمايدىغان، قىسقارتىپ يېزىۋالغىلىمۇ، ئۇزارتىپ سۆزلىگىلىمۇ بولىدىغان ھېكايىلاردۇر. بۇددىزم دەل مۇشۇنداق قىزىقارلىق، تەسىرلىك ھەم چوڭقۇر مەنىلىك گۈزەل ھېكايىلار ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

قىزىل مىخئۆيگە سىزىلغان ھېكايىلارنىڭ ھەممىسىگە ھايات- ماماتلىق مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەندە ئېتىقات ۋە ئەقىدە ئۈچۈن قۇربان بېرىش، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، نارىسىدىلەرنى ئاسراش، ئەر-خوتۇنلار ئىناق ئۆتۈش، راھەت-پاراغەتتە ۋە جاپا-مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئۆز-ئارا ئاداۋەت ساقلىماسلىق، ئۆچ

ئېلىشنى ئويلىماسلىق ، شۇنداقلا، خان-ھاكىملار پۇقرالارغا كۆيۈنۈش، پۇقرالار خان-ھاكىملارغا ھۆرمەت قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇدداغا بىردەك ئېتىقات قىلىش ھەققىدىكى پەلسەپە- نەسىھەتلەر سىڭدۇرۇلگەن. بۇ گۈزەل ھېكايىلار ئۇزۇن تارىختىن كېيىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئايلانغان.

قىزىل مىڭئۆيگە سىزىلغان ھېكايىلار 60 تىن ئاشىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى كۇسەنگە بۇددىزم بىلەن بىللە كىرگەن ، ئەمما ئۇنىڭدىكى ئوبرازلار كۇسەن رەسساملىرىنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق يەرلەشتۈرۈلۈپ، ئوبرازلارنىڭ ئەسلىدىكى چىراي-شەكلى كۇسەنلىككە ئوخشىتىپ سىزىپ چىقىلغان.

قىزىل مىڭئۆيگە سىزىلغان ھېكايىلارنىڭ مەزمۇنىنى يېشىشتە، خىتاي تەتقىقاتچىلىرى خىتايچە بۇددىزم كىتابلىرىدىن پايدىلانغان. مەن بۇ كىتابقا كىرگۈزگەن قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىنىڭ يەشمىسىنى بۇرۇنقى تەتقىقاتچىلار (بولۇپمۇ پروفېسسور يەنگېنرۇنىڭ تەتقىقاتى)نى ئاساس قىلغان ھالدا، باشقا نۇسخىلارنىمۇ ئىزدەپ – تېپىپ سېلىشتۇرۇپ، تەكرا-تەكرار تەتقىق قىلغاندىن كېيىن تۈزۈپ چىقتىم. ھېكايە تېكىستلىرىنى ئىمكان قەدەر قىسقا ھەم ئاممىباب قىلىشقا تىرىشتىم ۋە ھەربىر ھېكايىنىڭ كىتاب مەنبەسىنى كۆرسەتتىم. ھېكايىلاردىكى ئەسلىدىكى يەرناملىرى، ئادەم ئىسىملىرى ۋە ئەسلىدىكى ئاتالغۇلارنى ئەينەن ساقلاپ قالدىم. بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن قىزىل مىڭئۆي ھېكايىلىرى تۆۋەندىكىچە:

# 1.خاننىڭ لاچىنغا ئۆز بەدىنىدىن گوش كېسىپ بېرىپ كەپتەرنى قۇتقۇزىشى

**(بۇ ھېكايە <سۇترا لاڭكارا شاستىر> ناملىق بۇددا كالامى (نوم)دىكى مەشھۇر ھېكايىلارنىڭ بىرى. بۇ نومنىڭ مىلادى 405- يىلى كۇسەنلىك بۇددىزم ئۇستازى كۇماراجىۋا خىتايچىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى بار.)**

تۆۋەندىكى رەسىمدە لاچىن قوغلاپ كېتىۋاتقان بىر كەپتەر بېشىغا تاج كىيگەن كىشىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتقان؛ بېشىغا تاج كىيگەن كىشى ئىككى قولىنى سۇنۇپ كەپتەرگە پانا بولۇشقا تەمشەلگەن؛ بېشىغا تاج كىيگەن كىشىنىڭ سول تەرىپىدە بىر كىشى تارازا تۇتۇپ تۇرغان؛ يەنە بىر كىشى بېشىغا تاج كىيگەن كىشىنىڭ پۇتىدىن گوش كېسىۋاتقان كۆرۈنۈش بار:



بۇ رەسىم 38- غاردا ( 17-، 114-غارلاردىمۇ مەزمۇنى بۇنىڭغا ئوخشايدىغان رەسىملەر بار)

**.... بىر كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ شۇنىكا خاننىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن بىرلاچىن قوغلاپ كېلىپ، خانغا 'بۇ كەپتەر مېنىڭ ئوزۇقۇم، ئېچىرقاپ كەتتىم ئۇنى ھازىرلا يېمىسەم ئۆلۈپ كېتىمەن، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭ' دەپتۇ.**

**-بارلىق جانلىقنى ئازاپ دېڭىزىدىن قىرغاققا ئېلىپ چىقىش مېنىڭ نىشان-مەقسىتىم،- دەپتۇ خان، – كەپتەر مەندىن پانالىق تىلىدى مەن ئۇنى قوغداپ قېلىشىم كېرەك.**

**-بۇ كەپتەرنى يېمىسەم ھازىرلا ئۆلۈپ كېتىمەن، -دەپتۇ لاچىن،- بىز لاچىن جەمەتى سىز قۇتقازماقچى بولغان 'بارلىق جانلىق' نىڭ ئىچىدە يوقمۇ؟**

**-ساڭا باشقا گوش بەرسەم بولامدۇ؟**

**-قان ئېقىپ تۇرغان يېڭى گوش بولۇشى كېرەك.**

**خان بىرنى ئۆلتۈرۈپ يەنە بىرنى قۇتقۇزۇش دۇرۇس ئەمەسلىكىنى بىلگەچكە، دەرھال ئۆزىنىڭ كاسىسىدىن بىر پارچە گوشنى كېسىۋېلىپ، لاچىنغا تەڭلەپتۇ.**

**-كېسىپ بەرگەن گوشنىڭ ئېغىرلىقى كەپتەرنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئوخشاش بولسۇن، -دەپتۇ لاچىن،- ئۇنداق بولمىسا بەرگەن سەدىقىڭىز دۇرۇس بولمايدۇ.**

**خان ۋەزىرلىرىگە تەڭپۈڭ** (تارازا) **ئەكەلدۈرۈپتۇ، بىر تەرىپىگە كەپتەرنى، يەنە بىر تەرىپىگە بەدىنىدىن كېسىۋېلىنغان گوشنى قويۇپتىكەن، خاننىڭ گوشى كەپتەرنى باسالماپتۇ. خان ئۆزىنىڭ كاسىسىدىكى گوشنى پوتۈنلەي شىلىپ ئالغۇزۇپتۇ، كاملىغان قىسمىغا پۇتىدىن گوش كەسكۈزۈپتۇ، ئىككى تەرەپ تەڭپۇڭ بولغاندا، خان ئۆز بەدىنىدىن كېسىۋالغان يېڭى گوشنى لاچىنغا تەڭلەپتۇ.**

# 2. سودىگەرلەرنىڭ ئەجدىھاردىن قۇتۇلۇشى

**(بۇ ھېكايە بۇددانىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنىدىغان <بۇددا كاۋىيا سۇترا>  ناملىق داستاندا بايان قىلىنغان.  بۇ كىتابنىڭ 439 – يىلى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى بار.)**



**بۇ رەسىم 17- غاردا**

**... بىر كۈنى،  بەش يۈز  سودىگەر تىجارەت سەپىرىدە  بىر ئورمانلىقتىن ئۆتكەندە، قاتتىق بوران چىقىپ كېتىپتۇ،  ئۇلار شۇ جايدا قونۇپ قېلىشقا توغرا كەپتۇ. ئۇلار بىر دۆڭنىڭ قاپتىلىدا ئوتاغ (ئۆتەڭ) قۇرۇپتۇ.**

بۇ ئورمانلىقتا ياشايدىغان بىر ئەجدەر يىلان بار ئىكەن، ئۇ ئادەم ھەدىنى پۇراپ قاپتۇ-دە، ئالدىغا كەلگەن بۇ قەدەر مول ئوزۇقنى بىر-بىرلەپ يەپ تۈگەتمەكچى بولۇپ، سودىگەرلەرنى مۇھاسىرىگە ئاپتۇ.

بۇ ئورماندا ياشايدىغان شىر بىلەن پىل سودىگەرلەرنى قۇتقۇزۇپ ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ساۋاپلىق توپلىماقچى بولۇشۇپتۇ. شىر مەسلىھەت بۇيىچە پىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپ، قۇيرۇقى بىلەن ئەجدەر يىلاننى قاتتىق ئۇرۇپتۇ. ئەجدەر يىلاننىڭ بېشى يېرىلىپ مېڭىسى چۇۋۇلۇپ كېتىپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ زەھىرى شىرغا ئۆتۈپ كەتكەچكە ، بىر دەمدىن كېيىن شىر ئۆلۈپ قاپتۇ. پىلمۇ شىر ئۈستىدە تۇرۇپ ئەجدەر يىلانغا ھۇجۇم قىلغاندا مېڭە قېپى سىلكىنىپ ئاجراپ كەتكەن ئىكەن، ئۇمۇ بىر دەمدىن كېيىن ئۆلۈپ قاپتۇ.

بەش يۈز سودىگەر شىر بىلەن پىلنىڭ ۋاپادارلىقىنى ئەستە ساقلاش ئۈچۈن بىر 'سۇتۇپا' (خاتىرە مۇنارى) ياستىپتۇ.

# 3. خاننىڭ لەھەڭ بېلىقى ئايلىنىپ پۇقرالارنىڭ كېسىلىگە داۋا بولۇشى

(بۇ ھېكايە ئىنسانلارنىڭ ئالدىنقى ئۆمرىدە باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ نەتىجىسى توغرىسىدا سۆزلىنىدىغان <پۇرنا مۇكھا ئاۋادانا> دېگەن بۇددا نومىدا بايان قىلىنغان.)

ۋارنا دۆلىتىنىڭ خانى ئاقىل، ئادىل ھۆكۈمدار ئىكەن. خەلق ھىمايە قىلىدىكەن.

**بىر يىلى،  بۇ ئەلدە قەھەتچىلىك يۈز بېرىپتۇ. پۇقرالار ئارىسىدا  بەدىنىنى جاراھەت بېسىپ كېتىدىغان  بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپتۇ.  بۇ كېسەللىك   پۇقرالار ئاچارچىلىقتا چىدىماي،    زەھەرلىك يۇپۇرماقلارنى  ئۇقماي يەپ سالغانلىقتىن بولغان ئىكەن. خان بۇنى بىلگەندىن كېيىن يارلىق چۈشۈرۈپ، يوپۇرمقى زەھەرلىك دەرەختلەرنىڭ ھەممىسنى كەسكۈزۈۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپۈنچە پۇقرانىڭ بەدىنىدىكى جاراھەت  ساقىيىپتۇ.  لېكىن يەنە بىر قىسىم كىشىنىڭ بەدىنىدىكى جاراھەت ساقايماپتۇ.**



**بۇ رەسىم 17-غاردا**

**خان ئەمچى-تېۋىپلەردىن مەسلىھەت سوراپتۇ.  بۇنداق  يۇقۇملۇق كېسەللىكنى لەھەڭ بېلىقىنىڭ گوشى بىلەن قېنىدا داۋالاشتىن باشقا ئۇنۇملۇك دورا  ياكى  چارە**

يوقلىقنى بىلىپتۇ. لېكىن بۇنداق قەھەتچىلىك يىلدا دەريادا سۇ ئازلاپ كەتكەچكە لەھەڭ بېلىق تېپىلمايدىكەن.

خان دەريا بۇيىدىكى بىر ئېگىز دەرەختكە چىقىپ، لەھەڭ بېلىققا ئايلانغايمەن دەپ ئۆزىنى سۇغا تاشلاپتۇ -دە، ئۇ ئۆز ئاززۇيى بۇيىچە لەھەڭ بېلىققا ئايلىنىپتۇ. بەدىنى- دىكى جاراھەت ساقايمىغان پۇقرالار بۇ لەھەڭ بېلىقنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ گوشىنى يەپ، قېنىنى ئىچكەندىن كېيىن، ھەممىسىنىڭ كېسىلى شىپالىق تېپىپتۇ.

# 4. ئىككى باشلىق قۇش

**(بۇ ھېكايە بۇددالارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنىدىغان <بۇددا كاۋيىا سۇترا دېگەن بۇددا نومىدا بايان قىلىنغان. بۇ نومنىڭ مىلادى 439 – يىلى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى بار.)**

...زامان ئەۋۋەلدە، ھىمالايا (سانسكرىت تىلىدىكى مەنىسى 'قارلىق تاغ') نىڭ ئېتىكىدە شۇنداق بىر قۇش ياشىغان ئىكەن. ئۇ قۇشنىڭ بېشى ئىككى ئىكەن. ئۇ ئۇخلىغاندا، دۈشمەنىنىڭ ئۇچتۇمتۇت ھۇجۇمىدىن سا قىلىنىش ئۈچۈن، بىر بېشىنى گۈزەت قىلىشقا قويىدىكەن.

بىرىنجى بېشىغا گۈزەتچىلىك نۆۋىتى كەلگەن كۈنى، ئۇنىڭ ئالدىغا ئىنتايىن خۇشپۇراقلىق بىر گۈل چۈشۈپتۇ. گۈزەتچى باش 'بۇ گۈل بىر، ئۇنى ئىككىگە بۆلۈپ ئاۋارە بولماي، ھامان بىر قوساققا كىرىدۇ-غۇ' دەپ ئويلاپ، ئىككىنجى باش

**ئويغانغىچە ساقلاپ تۇرمايلا، بۇ ئىنتايىن خۇشپۇراقلىق گۈلنى ئۆزى يالغۇز يۇتۇۋېتىپتۇ.**



**بۇ رەسىم 8 –غاردا**

**ئىككىنجى باش ئويغىنىپ بىر كېكىرىۋېتىپ، ئاشقازىنىدىن بۇرنىغىچە بىر خىل ئۆرلەپ چىقىپتۇ. ئۇ، بۇقەدەر مىزىلىك يېمەكنى تەڭ يېمىگەنلىكى ئۈچۈن كۆڭلى يېرىم بولۇپ، بىرىنجى باشتىن قاتتىق ئاغرىنىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىككىنجى باش گۆزەتچىلىك قىلغاندا، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر خىل تېخىمۇ بەك ئۆتكۈر خۇشپۇراقلىق گۈل چۈشۈپتۇ. بۇ گۈل ئەڭ ئۆتكۈر ئوغا ئىكەن.**

- ئۆتكەن قېتىم ئەڭ ئېسىل خۇشپۇراقلىق گۈل چۈشكەندە، بىرىنچى باش يالغۇز يەپ مىنى ھەسرەتتە قالدۇرغان ئىدى، - دەپتۇ ئىككىنچى باش،- بۇ قېتىم مىنىڭ ئالدىمغا ئوغا چۈشتى، مەنمۇ ئۇنى يالغۇز يىۋەتەي ، ئۇ ئۆلسۇن دەپ خىتاپ قىلىپ ئوغنى يۇتۇۋېتىپتۇ. ئاقىۋەتتە ھەر ئىككى باش تەڭ ئۆلۈپتۇ.

# 5. ۋاپادار مايمۇننىڭ ئۆلتۈرىلىشى

(بۇ ھېكايە ئىنسانىيەتنىڭ ئازاپ دېڭىزىدىن قىرغاققا چىقىشى ھەققىدە سۆزلىنىدىغان <پرامىتا سۇترا> ناملىق بۇددا نومىدا بايان قىلىنغان. بۇ نوم مىلادى 252- يىلى توخرى دۆلىتىدىن چاڭئەن شەھرىگە كەلگەن (ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان) بىر بۇددىزىم ئۇستازى تەرىپىدىن خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئىكەن.)

... شۇنداق بىر ۋاپادار مايمۇن بولغان ئىكەن. ئۇ ھەممە جانلىققا رەھىمدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتىكەن. ئۇ بىر جىلغىغا مېۋە ئۈزگىلى بارغاندا، بىر ئادەمنىڭ تاغدىن جىراغا سېرىلىپ چۈشۈپ ھالسىزلىنىپ يېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە، ئۇنى دەرھال يۈدۈپ ئوتلاققا ئېلىپ چىقىپتۇ . ئۇ ئادەم ھۇشىغا كەپتۇ. مايمۇن ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپقويۇپ ۋە سەپىرىگە ئامانلىق تىلەپ بولۇپ، ئاندىن ئۆزى بىر دەم ئۇخلاپ ھاردۇقىنى چىقارماقچى بوپتۇ، چۈنكى ئۇ بىر چوڭ ئادەمنى يۈدۈپ بەك چارچاپ كەتكەن ئىكەن.



بۇ رەسىم 17 – غاردا

مايمۇن ئۇخلاپ قالغاندا، قۇتقۇزۇلغان ھېلىقى ئادەم نىيىتىنى بۇزۇپتۇ. 'مەن ئاچ-توق يۈرگىلى بىر نەچچە كۈن بولۇپ قالدى، مۇشۇنداق تۇرىۋەرسەم ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن، ھاياتىمنى ساقلاش ئۈچۈن مايمۇننى كاۋاپ قىلىشىم كېرەك' دەپ ئويلاپ، دەرھال قولىغا تاش ئېلىپ ، ئۇخلاپ ياتقان مايمۇننىڭ بېشىغا ئۇرۇپتۇ. مايمۇن ئۆلۈپتۇ. ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇپ تاشلاپ، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپتۇ.

بۇ ئادەم ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپادار مايمۇننىڭ ئۇۋالىغا قېلىپ 18-قەۋەتتىكى دوزاققا تاشلىنىپتۇ.

# 6.پىلنىڭ ئۆزىنى تەقدىم قىلىشى

**(بۇ ھېكايە بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى ھېكايىلار  توپلانغان <جاتاكا مالا>  دېگەن نومدا بايان قىلىنغان. بۇ نومنىڭ  مىلادى 10 –ئەسىردە خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى بار.)**

**... بىر پىل ئورمانلىقتا ساياھەت قىلىپ يۈرگەندە، ئۇنىڭ قۇلىقىغا قۇملۇق تەرەپتىن كەلگەن كولدۇرما ئۈنى ئاڭلىنىپتۇ. تېكلىپ قارىسا قۇملۇقتا بىر مۇنچە ئادەم كېلىۋاتقان. ئۇلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ئۇسساپ كەتكەن، ئورۇقلاپ كەتكەن بەدىنىدە مادار قالمىغان ئىكەن. پىل بۇنى پەرەز قىپلىپ، يامان ئەھۋالدا قالغان بۇ بىر توپ ئادەم  بىلەن ئەھۋاللاشقىلى بېرىپتۇ.**

**-نېمە بولغان ئادەملەر سىلەر؟ -دەپ سوراپتۇ پىل.**

**-بىز ئەسلىدە خان تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغان 1000  كىشى ئىدۇق. بىر قىسىم كىشىلەر ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. ھازىر 700 كىشى قالدۇق...**

**-ئاۋۇ كۆرۈنگەن  تاغنىڭ قاپتىلىدا – دەپتۇ پىل  خارتومى بىلەن يول كۆرسىتىپ،-بىر كۆل بار، ئۇ كۆلدە نىلۇپەر گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرىدۇ، شۇ يەردە ئەمدىلا تاغدىن يىقىلغان بىر پىل ياتىدۇ، شۇ يەرگە بارساڭلار سۇغىمۇ، گۆشقىمۇ ئېگە بولىسىلەر....**

**پىل سۆزىنى تۈگىتىپلا دەرھال تاققا قاراپ مېڭىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىلاھىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ 'مەن ئۆلۈم گىرداۋىغا كېلىپ قالغان بۇ ئادەملەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن**

**ئۆزەمنىڭ ۋۇجۇدۇمنى بېغىشلىدىم' دەپ خىتاپ قىلىپ ئۆزىنى تاغدىن كۆل بويىغا تاشلاپتۇ.**



**بۇرەسىم 8-غاردا**

سۈرگۈنلەر كۆلنىڭ بويىغا كەلگەندە، ئۇ يەردە ئەمدىلا ئۆلگەن بىر پىلنى كۆرۈپتۇ-دە، ئۇنى سويۇپ، گۆشىنى ئۇزۇق قىلىپ، ئۇچىيىگە سۇ قاچىلاپ يولغا راۋان بولۇپتۇ.

# 7. مايمۇن پادىشاھنىڭ كۆۋرۈك سېلىشى

(بۇ ھېكايە بۇددا نىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى توپلانغان <پرامىتا سۇترا> ناملىق بۇددا نومىدا
بايان قىلىنغان. بۇ نومنىڭ مىلادى 252- يىلى خىتايچىغا
تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى بار.)

... ئورمانلىقتىكى مايمۇنلار ئۆز پادىشاھنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناھايىتى بەختلىك ياشاۋاتقان يىللارنىڭ بىرىدە، قاتتىق قورغاقچىلىق يۈز بېرىپ، ئورمانلىقتا مېۋە ئازلاپ كېتىپتۇ. مايمۇنلاردا ئاچارچىلىق يۈز بېرىشكە باشلاپتۇ.

بۇ ئورمانلىقنىڭ نېرىسىدىكى تاغنىڭ قاپتىلىدا، خاننىڭ بىر كاتتا بېغى بار ئىكەن. باغدا ھەرخىل مېۋە شاخ-شېخىدا مەي باغلاپ پىشىپ تۇرۇپتۇ. مايمۇن پادىشەھى پۇقرالىرىنى باشلاپ خاننىڭ بېغىغا مېۋە ئوغۇرلىغىلى كەپتۇ. باغۋەن ئەھۋالنى خانغا مەلۇم قىپتۇ. خان ئوۋچى-مەرگەنلىرىنى ئەۋەتىپتۇ.

مايمۇنلار ئۆزلىرىگە كېلىۋاتقان خەتەرنى ھېس قىلىپ قاچماقچى بولغاندا. ئۇلار ئاللىقاچان مۇھاسىرىگە چۈشۈپ، يولى توسۇلۇپ قالغان ئىكەن. مايمۇنلار ئوۋچى يوق بىر تەرەپنى پەملەپ قاپتۇ-دە، شۇ تەرەپكە قېچىشنى ئويلاپتۇ. ئەمما ئۇ تەرەپتە تېگىدە سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ناھايىتى چوڭقۇر بىر جىلغا بار ئىكەن.

مايمۇنلار يا بۇ خەتەرلىك جىلغىدىن قانداق ئۆتۈشنى بىلمەي يا كەينىگە يانالماي تۇرغاندا، ئوۋچىلار يېتىپ كەپتۇ.

بۇنداق جىددى ۋەزىيەتتە، مايمۇن پادىشاھى ئوت-چۆپتىن ئاغامچا ياساپ، ئۇنى پۇتىغا باغلاپ، ئۆزىنى جىلغىنىڭ بۇ تەرىپىدىكى دەرەختىن ئۇ تەرىپىدىكى دەرەختكە ئېتىپتۇ. جىلغىنىڭ ئۈستىدە بىر كۆبرۈك ھاسىل بوپتۇ. پۈترا مايمۇنلار بۇ كۆبرۈكتىن ئۆتۈپ خەتەردىن قۇتۇلۇپتۇ.



بۇ رەسىم 17-غاردا

**مايمۇن پادىشاھىنىڭ قولى ئېغىرلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي مۆرىسىدىن ئاجراپ كېتىپ، ھۇشسىزلىنىپ يېتىپ قاپتۇ. ئوۋچىلار ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ.**

**بۇ دۆلەتنىڭ خانى ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن 'مەن ئادەم پادىشاھى، ئەمما مىنىڭ ئادەم پوقرالىرىمغا كۆيۈنىشىم مايمان پادىشاھچىلىك ئەمەسكەن' دەپ ئويلاپتۇ-دە، مايمۇن پادىشاھىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ ئەل سوراشقا بەل باغلاپتۇ ۋە بۇ ئەلدە مايمۇنلارنى ئۆلتۈرمەسلىك ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.**

# 8.خاننىڭ ئۆز بېشىنى سەدىقە قىلىشى

**(بۇ ھېكايە ئاقىللىق بىلەن نادانلىقنىڭ سەۋەپلىرى سۆزلىنىدىغان <داماموكى نىدانا سۇترا> دېگەن بۇددا نومىدا بايان قىلىنغان . بۇ نومنىڭ مىلادى 445- يىلى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى بار.)**

**... كۆنلەرنىڭ بىرىدە، پرادىياخان (پرادىيانىڭ سانسكرىتچە مەنىسى 'مەشئەل') ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە ئويلىنىپ 'ئالەمگە خان بولدۇم، ئاغزىم ئالتۇن تىلىم قاشتېشى بولدى، ھېچكىم مىنىڭ گېپىمنى يەردە قويمايدۇ، بارچە گۈزەللىك، خۇشپۇراقلىقلار-دىن قانداق بەھرىمان بولۇش، ھۇزۇر ئېلىش ئۆز ئىختىيارىمدا، ئەگەر بۇ ئۆمرۈمدە مۇشۇنداق قىلىۋېرىپ، ئۇ دۇنيالىقىم ئۈچۈن ھېچقانداق ياخشىلىق توپلاپ ئالمىسام بولماس' دەپتۇ-دە، ئۆزىگە ياخشىلىق توپلاش ئۈچۈن دۆلەت خەزىنىسىنى ئېچىپ سەدىقە قىلىش پىكرىگە كەپتۇ.**



**بۇ رەسىم 173-غاردا**

**پىرادىيا خانىنىڭ سەدىقە قىلىش پىلانىنى ئاڭلىغان قوشنا دۆلەتنىڭ خانى، ئۇنىڭ تېخىمۇ ياخشى نام – شۆھرەت قازىنىپ كېتىشىدىن قىزغىنىپ، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدىغان بىر ئامال تېپىش ئۈچۈن ۋەزىرلەرنى مەسلىھەتكە چاقىرىپتۇ. ئۇلار پىكىر قىلىشىپ، پىرادىياخانىنىڭ 'كىمگە نېمە كېرەك بولسا، شۇنى سەدىقە قىلىمەن' دېگەن ۋەدىسىنى 'يالغان'غا چىقىرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش قارارىغا كەپتۇ ۋە بۇ پىلانىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن براخمانلار (**قەدىمقى ھىندىستاندىكى زىيالىيلار تەبىقىسى**) دىن بىر كىشىنى ئەۋەتىپتۇ.**

**ئەۋەتىلگەن براخمان 7 كۈن يول مېڭىپ، پىرادىياخانىنىڭ دۆلىتىگە كەپتۇ ۋە خان ئالدىغا كېلىپ 'ماڭا ئۆز بېشىڭىزنى سەدىقە قىلىپ بېرىڭ' دەپ تەلەپ قويۇپتۇ.**

**پىرادىيا خاننىڭ ۋەزىرلىرى بۇ تەلەپنى  ئورۇنلاپ بېرىشكە قەتئى قارشى تۇرۇپتۇ.**

**-مەن نۇرغۇن قېتىم دۇنياغا تۆرەلدىم ۋە نۇرغۇن قېتىم جېنىمدىن ئايرىلدىم- دەپ ۋەزىرلىرىگە چۈشەنچە بېرىپتۇ پىرادىيا خان،- لېكىن بەختىنىڭ يۇقىرى پەللىسگە يېتەلمىدىم، ھازىر ياخشىلىقنى ئۆزۈل - كېسىل بىجا كەلتۈرۈش پۇرستى كەلدى. ئەمدى نۇرغۇن قېتىم گۇناھ سادىر قىلغان بېشىمدىن قۇتۇلالايدىغان بولدۇم. بۇنىڭ بەدىلگە بۇددا بولۇپ يارالسام ، سانسىز جانلىقلارغا بەخت كەلتۈرەلەيمەن...**



**بۇ رەسىم 73-غاردا**

**براخمان قىلىچىنى كۆتۈرۈپ خاننىڭ بېشىنى كەسمەكچى بولغاندا، غايىپتىن بىر ئىلاھى كۈچ پەيدا بولۇپ، براخماننى ھۇشسىز قىلىپ قويۇپتۇ. پرادىيا خان ئىلاھقا 'مەن 999 ياخشىلىقنى بىجا كەلتۈرۈپ بولدۇم، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە بىر قېتىملىق ياخشىلىقنى ئورۇنلاش قالدى، رۇخسەت قىلغايسىز' دەپ ئىلتىجا قىپتۇ.**

**براخمان ھوشىغا كەپتۇ. خان ئۇنىڭغا 'بېشىمنى كېسىپ قولۇمغا بەر، سەدىقىنى قولۇمدىن ئال' دەپتۇ.**

**براخمان خاننىڭ بېشىنى كېسىپتۇ. ئەمما خاننىڭ دېگىنى بويىچە قىلماي، خاننىڭ بېشىنى يەرگە تاشلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرنى دەسسەپ قويۇپ كېتىپ قاپتۇ.**

**براخمان ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كېتىۋاتقاندا، يول ئۈستىدە ئۆز دۆلىتىنىڭ خانى ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ ئۆزىمۇ تۇساتتىن قان قۇسۇپ ئۆلۈپ دوزاققا كىرىپتۇ.**

# 9. ماھاساتۋىنىڭ يولۋاسقا يەم بولۇشى

**(بۇ ھېكايە <سۇۋارنا پراپاسا سۇترا> (ئالتۇن يارۇق) دېگەن بۇددا نومىدا سۆزلىنىدۇ. بۇ نومنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچىسى تۇرپاندىن تېپىلغان. ئۇنى ئا. فون گابايىن خانىم تەتقىق بۇ قىلىپ <قەدىمكى تۈرك تىلى گرامماتىكىسى> غا كىرگۈزگەن. مەن ھېكايىنى تۇرۇشتە قەدىمقى ئۇيغۇرچە <ئالتۇن يارۇق> تىكى تېكىستىنىمۇ پايدىلاندىم.)**

**...چامبودىۋىپ دۆلىتىدە ماھارادى ئىسىملىك بىر خان بار ئىكەن. ئۇنىڭ چوڭ خانىشىدىن تۇغۇلغان ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. ئەڭ كىچىك ئوغلىنىڭ ئىسمى ماھاساتۋى ئىكەن.**

**كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خان ئۈچ شاھزادىسىنى ئەگەشتۈرۈپ سەيلىگە چىقىپتۇ.**

شاھزادىلەر خاندىن ئىجازەت ئېلىپ چېچەك تەرگىلى مېڭىپتۇ. ئۇلار ئۇيان مېڭىپ، بۇيان مېڭىپ بىر قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ. ئۇ يەردە يېڭىدىن ئارسلانلىغان بىر يولۋاس ئوزۇق تاپالماي ئېچىرقاپ، ماغدۇرسىزلىنىپ يېتىپ قالغىلى يەتتە كۈن بولغان ئىكەن.

ماھاساتۋى شاھزادە بۇ يولۋاسنىڭ ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى قۇتقازماي كېتىشكە كۆڭلى قىيماپتۇ. ئۇ يولۋاسنىڭ ئالدىغا كېلىپ سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. ئاچ يولۋاس ۋە ئۇنىڭ ئارسلانلىرى ماغدۇرسىز بولغاچقا، ماھاساتۋى شاھزادىنى چىشلەپ پارچىلاشقا كۈچى يەتمەپتۇ.



بۇ رەسىم 17-غارد
ا

ماھاساتۋى شاھزادە قولىغا ئۇچلۇق ياغاچ ئېلىپ، ئۆزىنىڭ تومۇرلىرىغا سانجىپ قان ئاققۇزۇپ، ئاچ يولۋاسلارنىڭ يېنىغا يېقىن بېرىپتۇ...

**بۇ چاغدا ئەرشتىن تەڭرىلەر چۈشۈپ، شاھزادىنىڭ پاك ئەقىدىسى ۋە مېھرىبانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، نەغمە قىپتۇ.**

**ئاچ قېلىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن يولۋاسلار شاھزادىنىڭ قېنىنى ئىچىپ، ھەممە گۆشىنى سۆڭىكىگە يەتكۈزۈپ يەپ تۈگەتكەندىن كېيىن قايتىدىن ماغدۇرلىنىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا باشلاپتۇ...**

# 10. كەپتەرنىڭ مېھمان كۈتۈشى

**(بۇ ھېكايە ئىنسانىيەت ئالىمىدىكى ئازاپ دېڭىزىدىن ئەقىل-پاراسەت ئارقىلىق قىرغاققا**
**چىقىش توغرىسىدا سۆزلىنىدىغان <ماھاپراجنىيا پارامىتا سۇترا> دېگەن بۇددىزم**
**كىتابىدا ئۇچرايدۇ. بۇ كىتاب مىلادى 344 -، 417 - يىللاردا**
**كۇسەنلىك بۇددىزم ئۇستازى كۇماراجىۋا تەرىپىدىن**
**خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان.)**

**بۇرۇنقى زاماندا، ھىمالايادا ('ھىمالايا'نىڭ سانسكرىت تىلىدىكى مەنىسى 'قارلىق تاغ') بىر چىرايلىق كەپتەر ياشايدىكەن.**

**بىر كۈنى، بىر دېھقان يىراققا قىلغان سەپىرىدە ھىمالايانىڭ بىر جىلغىسىدىن ئۆتكەندە ، توساتتىن ھاۋا تۇمانلىشىپ كېتىپتۇ، ئۇ دېھقان يولنى پەرق ئېتەلمەي ئېزىپ قاپتۇ، ھېرىپ-چارچىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە قوسۇقى ئېچىپ مادارسىزلىنىپتۇ.**



**بۇ رەسىم 17-غاردا**

**ھەمالايادا ياشايدىغان چىرايلىق كەپتەر بۇ دېھقاننىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ مېھماننى ئوبدان كۈتۈۋالماقچى بوپتۇ. دېھقان تەمەچ تېرىپ كېلىپ ياققان گۈلخاننىڭ ئوتى تازا ئۇلۇغ كۆيىۋاتقاندا، چىرايلىق كەپتەر ئۆزى ئوتقا سەكرەپ چۈشۈپ، بۇ دېھقان ئۈچۈن مېزىلىك كاۋاپ بوپتۇ.**

# 11.خاننىڭ ئۆز قولىنى مەشئەل قىلىشى

**(بۇ ھېكايە  مىلادى 344-417- يىللاردا خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئىكەن. بۇ ھەقتە  مانجۇ دۆلىتى (چىڭ سۇلالىسى) دەۋرىدە تاختا مەتبەئەدە بېسىلغان <بۇددىزىم لۇغىتى>  15- توم، 2690- بەتتە بېرىلگەن تەپسىلي بايانلار  بار.)**



**بۇ رەسىم 17-غاردا**

... بەش يۈز سودىگەر سەپەر ئۈستىدە بىر قاراڭغۇ سايغا كىرىپ قاپتۇ. يولنى پەرق ئەتكىلى بولماپتۇ. ئۇ يەردە توختاپ قالسا خەتەرلىككە ئۇچراش مۇمكىن ئىكەن. شۇ دۆلەتنىڭ خانى بۇ سەپەر ئۈستىدىكى سودىگەرلەرنىڭ خېلى ۋاقىتقىچە بۇ قاراڭغۇ سايدىن چىقمىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزى ئۇلارنى قۇتقازغىلى بېرىپتۇ. خانمۇ بۇ قاراڭغۇ سايغا كەلگەندە يۆنىلىشنى پەرق ئېتەلمەي قاپتۇ-دە، دەرھال ئۆزىنىڭ ئىككى قولىنى ياغقا چىلاپ، ئۇنىڭغا ئوت يېقىپتۇ. سودىگەرلەر بۇ مەشئەلنىڭ يورۇقىدا يول تېپىپ، قاراڭغۇ سايدىن ئامان-ئېسەن ئۆتۈۋاپتۇ.

# 12.ۋاپاسىز سودىگەرنىڭ تاشپاقىنى ئۆلتۈرۈشى

(بۇ ھېكايە بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدە سۆزلىنىدىغان <جاكاتا سۇترا> دېگەن نومدا بايان قىلىنغان. بۇ نوم مىلادى 285- يىلى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان. <سامىيۇكتا راتنا كۇتا سۇترا> دېگەن يارالمىش ھېكايىلىرى توپلىمىدىمۇ بۇ ھېكايىنىڭ يەنە بىر خىل ۋارىيانتى بار.)

... باراناس شەھىرىدە بەش يۈز سودىگەر بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئاقساقىلىنىڭ لەقىمى 'ۋاپاسىز' ئىكەن. ئۇ بىر كۈنى سودىگەرلەرنى باشلاپ دېڭىزغا ئۈنچە-مەرۋايىت تەرگىلى بېرىپتۇ. ئۇلار قايتىپ كېلىۋاتقاندا راكشاسقا (دېڭىز ئالۋاستىلىرىغا) ئۇچراپ قاپتۇ. سودىگەرلەرنىڭ كېمىسى ئۆرۈلۈپ كېتىش خەۋپىگە يۈزلەنگەن شۇنداق جىددى بىر پەيتتە، سودىگەرلەرنىڭ ئاقساقىلى 'ۋاپاسىز' دېڭىز ئەھلىگە ئىلتىماس قىلىپ 'قايسى جانلىق بىزنى قۇتقۇزۇپ قويسا، ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى ۋاپا كەلتۈرىمەن!' دەپ قەسەم ئىچىپتۇ.



**بۇ رسىم 17-غاردا**

**بۇ دېڭىزدا گەۋدىسى ناھايىتى چوڭ، دۇمبىسىدىكى قاسىرىقى بىر پارچە ئېتىزدەك كەڭرى بىر تاشپاقا بار ئىكەن. بۇ تاشپاقا سودىگەرلەرنى قۇتقۇزۇشقا نىيەت قىپتۇ. سودىگەرلەرنى بىر-بىرلەپ دۇمبىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ قىرغاققا چىقىرىپ قويۇپتۇ.**

**تاشپاقا دېڭىزدا بىر نەچچە قېتىم ئادەم توشۇپ چارچاپ، ئاخىرقى قېتىم قىرغاققا چىققاندا، بىر دەم ھاردۇق چىقارماقچى بولۇپ ئۇخلاشقا باشلاپتۇ. قىرغاققا چىقىپ بولغان سودىگەرلەرنىڭمۇ قوسىقى ئېچىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇزۇق-تۈلكى دېڭىزدا غەرق بولغان ئىكەن.**

**بۇ چاغدا 'ۋاپاسىز' نىيىتىنى بۇزۇپتۇ-دە، دەرھال قولىغا تاش ئېلىپ تاشپاقىنىڭ بېشىغا ئۇرۇپتۇ. تاشپاقا ئۆلۈپتۇ. 'ۋاپاسىز' باشقىلارنىڭ ئەيىپلىشىگە قارىماي، تاشپاقىنىڭ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يەپتۇ.**

**كەچ كىرىپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە، سودىگەرلەر شەھەرگە قايتىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەپتۇ.**

**كېچىدە، بۇ يەردىن ئۆتكەن بىر توپ پىل 'ۋاپاسىز'نى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاشپاقىنى يېگەن سودىگەرلەرنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.**

# 13. ئوتۇنچىنىڭ ئېيىقنى ئوۋچىغا كۆرسىتىپ قويۇشى

**(بۇ ھېكايە ئىنسانىيەت ئالىمىدىكى ئازاپ دېڭىزىدىن ئەقىل-پاراسەت ئارقىلىق قىرغاققا چىقىش توغرىسىدا سۆزلىنىدىغان <ماھاپراجنىيا پارامىتا سۇترا> دېگەن بۇددا نومىدا ئۇچرايدۇ. بۇ نوم مىلادى 344-417-يىللاردا كۇسەنلىك بۇددىزىم ئۇستازى كۇماراجىۋا تەرىپىدىن خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان.)**

**... باراناس شەھرىدە ئوتۇنچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بىر كەمبەغەل كىشى بار ئىكەن.. ئۇ بىر كۈنى تاققا ئوتۇن كەسكىلى بارغاندا، قاتتىق بوران چىقىپ كېتىپتۇ. كەينىدىن شاقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئۆزىنى بىردەم دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن بىر ئۆڭكۈرنى تېپىپتۇ.**

**ئۇ ئۆڭكۈردە بىر ئېيىق ياشايدىكەن. بۇ ئېيىق ئوتۇنچىنىڭ ھال-كۈنىنى چۈشۈنىدىكەن. 'ھەي ئادىمىزات، قورقمىغىن، سەندەك يوقسۇل بىچارىگە ھەرگىز زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ قويمايمەن!' دەپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىن چىقىپتۇ ئېيىق ۋە سوغا چۈشكەن مۈشۈكتەك بولۇپ كەتكەن ئوتۇنچىنى باغرىغا ئېلىپ قۇرۇتۇپ، ئىسسىتىپ قويۇپتۇ ھەم يېگىلى مېۋە بېرىپ 7 كۈن بېقىپتۇ. يامغۇر توختاپتۇ. ئوتۇنچى ئېيىقتىن قانداق ۋاپا تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.**

**-مىنىڭ مۇشۇ ئامان-ئېسەن تۇرۇدىغان جايىمنى ئوۋچىلارغا ئېيتىپ قويمىساڭلا بولدى،- دەپتۇ ئېيىق.**



**بۇ رەسىم 17-غاردا**

ئوتتۇنچى تاغدىن قايتقاندا، ئالدىغا بىر ئوۋچى ئۇچراپتۇ، ئۇ ئىككەيلەن ئۆتكەن 7 كۈن ئىچىدە يامغۇردا قالغان كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپتۇ. ئوۋچى ئوتتۇنچىنىڭ ھېكايىسىدىن بۇ جايدا ئېيىق بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقىم بىر ئۆڭكۈردە تۇرۇدىغانلىقىنى پەملەپ قاپتۇ-دە، ئوتتۇنچىدىن ئېيىقنىڭ 'مەخپىيىتى' نى پۇلغا سېتىۋاپتۇ. ئوتتۇنچى ئوۋچىنى باشلاپ بېرىپ، ئېيىقنىڭ ئۆڭكۈرىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ئوۋچى قولايلىق يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، مارلاپ تۇرۇپ، ھېچقانچە جاپا تارتماي تۇرۇپلا ئېيىقنى ئوۋلاپتۇ.

# 14.تۇلپارنىڭ سودىگەرلەرنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈشى

(بۇ ھېكايە ئىنسانىيەت ئالىمىدىكى ئازاپ دېڭىزىدىن ئەقىل-پاراسەت ئارقىلىق قىرغاققا قىرغاققا چىقىش توغرىسىدا سۆزلىنىدىغان <ماھاپراجنيا پارامىتا سۇترا> ، <بۇددا جارىتا كاۋيا سۇترا> دېگەن بۇددا نومىدا بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب مىلادى 397-439- يىللاردا خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان.)

قەدىمدە بىر ئات پادىشاھى بار ئىكەن. ئۇ ئاتنىڭ بەستى چوڭ، تۈكلىرى كۈمۈشتەك ئاق ئىكەن، كىشنىگەن ئاۋازى يىراقلاردا ئەكس سادا پەيدا قىلىدىكەن. كىشىلەر ئۇنى ' بۇلۇتلار ئارا ئۇچىدىغان قانىتى بار تۇلپار' دەپ تەسۋىرلىشىدىكەن.

**بىر كۈنى، بەش يۈز سودىگەر كېمىلىرىگە ھەددى-ھېساپسىز ئۈنچە-مەرۋايىت بېسىپ، باشقا بىر ئەلگە قاراپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار دېڭىزدىن ئۆتۈۋاتقاندا، راكشاسلار (ئېزىتقۇلار) ئۇلارنى نىشاندىن ئازدۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېزىتقۇ شەھىرىگە ئېلىپ كەپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ سېپىلى كۈمۈشتىن ياسالغان، ئۈستىدە ئېگىز-ئېگىز راۋاقلىرى بار ئىكەن. ئۇنىڭ بېزەكلىرى تولىمۇ ھەشەمەتلىك، ھەممە يېرىدە خۇشپۇراقلىق گۈل پۇراپ تۇرىدىكەن. سودىگەرلەر بۇ شەھەرنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ.**



**بۇ رەسىم 14-غاردا**

راكشاس خوتۇنلار سودىگەرلەرنى قارشى ئالغىلى چىقىپتۇ. ھەممىسى بىردىن سودىگەرنى باشلاپ ئۆيلىرىگە ئەكىرىپ كېتىپتۇ. سودىگەرلەرنىڭ كېيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، ئۇلارغا مېزىلىك تائاملارمى بېرىپ مېھمان قىپتۇ. بەزىلىرى تويلىشىپتۇ. سودىگەرلەر خەيىم-خەتەردىن قۇتۇلۇپ بىردىنلا بۇنداق 'كارامەت'كە ئېرىشكەنلىكىگە خۇرسەن بولۇشۇپتۇ. خوتۇنلار سودىگەرلەرگە 'سېپىلدىن چىقىپ كەتسەڭلەر خەتەرگە يۇلۇقسىلەر' دەپ ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ قويۇپتۇ.

سودىگەرلەرنىڭ ئاقساقلى ئەقىللىق ھەم تەجرىبىلىك كىشى ئىكەن. ئۇ، راكساس خوتۇن ئۇيقۇغا كەتكەندە غىپپىدە سىرتقا چىقىپ، تۆمۈر راۋاقنىڭ ئۈستىدىن ئەتراپنى كۆزۈتۈپتۇ. شەھەر ئىچى ئادەمزات سۆڭەكلىرى بىلەن تولغان ئىكەن. شەھەرنىڭ ئۇ يەر- بۇ يېرىدىن ئادەمزاتنىڭ چىقىرىغان، زارلانغان ئاۋازى ئاڭلىنىدىكەن. ئۇنىڭ قۇلىقىغا 'بۇ شەھەرگە راكشاسلار ئازدۇرۇپ كەلگەنلەرنىڭ تولىسى سودىگەرلەر، ئۇلارنى ئاۋال راكشاس خوتۇنلار ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىپ، قىلىدىغان تاماشا تۈگەگەندە، ئۇلارنى قاماپ قويۇپ، بىر-بىرلەپ ئېلىپ چىقىپ گوشنى يەيدۇ. ئۆتكەن قېتىمدا بەش يۈز سودىگەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ھازىر ئۇلاردىن قالغان ئازلا كىشى ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرىدۇ' دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

ئاقساقال بۇ غايىپ ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇ ئاۋازنىڭ ئىگىسىدىن قانداق قىلىپ راكشاسلاردىن قۇتۇلۇشنى سوراپتۇ.

- تۇلپارنى چاقىرىڭلار،- دەپتۇ غايىپ ئاۋازنىڭ ئىگىسى --- تەڭرى.

ئاقساقالنىڭ ھەمراھلىرىدىنمۇ بىر نەچچە كىشى ئويغۇرلۇقچە سىرتقا چىققان ئىكەن. ئۇلار بىرلىكتە قېچىشنى پىلانلاپتۇ ۋە بىر – بىرىگە خەۋەر قىلىپ ھەرىكەتلىنىپتۇ.

**سودىگەرلەر بىر-بىرلەپ تۆلپارغا مىنىپ قېچىشقا باشلىغاندا، راكشاس خوتۇنلار سودىگەرلەردىن ئايرىلىشقا كۆڭلى قىيمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ يىغلاپ، شەھەر سېپىلى بويىغا كېلىپ ئەرلىرىنىڭ كەتمەسلىكىنى تىلىگەندە ، تۆلپار ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئادامنى مىندۈرۈپ كۆككە ئۆرلەپتۇ.....**

# 15. مارال پادىشاھنىڭ خان ئالدىغا بېرىشى

**(بۇ ھېكايە <پرامىتا سۇترا>، <ماھاپراجنىيا شاستىر> دېگەن بۇددا نوملىرىدا ئۇچرايدۇ.)**



**بۇ رەسىم 38-غاردا**

... مارال پادىشاھىنىڭ جۇغى چوڭ، مۈڭگۈزى ئۇزۇن، تۈكلىرى چىپار ئىكەن. ئۇ، بىر كۈنى پۇقرالىرىنى باشلاپ ئوتلاقتا چىقىپتۇ. شۇ كۈنى بۇ ئەلنىڭ ئۇلۇغ خانىمۇ شىكارغا چىققان ئىكەن. مارالالار ئوۋچىلاردىن ئۈركۈپ قېچىشقا باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى تىك ياردىن يىقىلىپ ئۆلۈپ، بىر مۇنچىسى ئېغىر يارىلىنىپتۇ.

مارال پادىشاھى ئۆز پۇقرالىرىنى قوغداش ئۈچۈن، خاننىڭ ئالدىغا ئۆزى بېرىپ 'بىز سىزنىڭ زېمىنىڭىزدە ياشاۋاتقان ھايۋاناتلارنىڭ بىر خىلى، بىزگىمۇ خەيرىخالىق قىلىسىڭىز' دەپ ئىلتىجا قىپتۇ.

خان رەھىمسىز ئىكەن. ئۇ مارال پادىشاھىغا 'ماڭا كۈندە مارالدىن بىرنى ئەكىلىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلساڭ، پۇقرالىرىڭنى ئوۋلاش ئۈچۈن شىكارغىمۇ چىقمايمەن' دەپ شەرت قويۇپتۇ. مارال پادىشاھى خانغا ئىتائەت قىلىشنى ئەدەپ دەپ بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ خاننىڭ شەرتىنى بىجا كەلتۈرۈشكە رازى بولۇپتۇ.

بىر نەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، خانغا ئۇزۇق بولۇش نۆۋىتى كەلگەن بىر ھامىلدار مارال قوسۇقىدىكى ئوغلىنى تۇغۇپ، ئۇنى باشقىلارنىڭ بېقىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇشىغا ھاۋالە قىلىپ قويۇپ ئاندىن بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

مارال پادىشاھى بۇ ئېغىرقات ھەم سەممىي مارالغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى بېرىشنى قارار قىپتۇ.

مارال پادىشاھى خان ئوردىسىغا بېرىپ سويۇلۇشنى كۈتۈپ تۇرغاندا، قاسساپلار ئۇنى تونۇۋاپتۇ. خان بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مارال پادىشاھىنىڭ سەممىيلىكىدىن تەسىرلىنىپ، بۇ مارال پادىشاھىنى دەرھال قويۇپ بېرىش ۋە

**بۇنىڭدىن كېيىن مارال ئۆۋلىماسلىق توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. كىمكى ماراللارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزسە، ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.**

**شۇنىڭدىن كېيىن ماراللار خاتىرجەم بولۇپ، شات-خورام ياشاپ، ئەركىن كۆپىيىدىغان بوپتۇ....**

# 16.ئالتۇن كېيىكنىڭ تېرە تەقدىم قىلىشى

**(بۇ ھېكايە مىلادى 222- 280 – يىللاردا خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان <كراماكارا بۇددىساتىۋا سۇترا> دېگەن كىتابتا ئۇچرايدۇ)**



**بۇ رەسىم 38-غاردا**

باراناس دۆلىتىنىڭ خانى براھماداتتا ئىنتايىن زالىم ئىكەن. ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر كېيىكنى كۆرۈپتۇ، ئۇ كېيىك تاغدىكى زەھەرلىك قۇرۇت-قوڭغۇزلار بار ئورمانلىقتا ساق-سالامەت ياشايدىكەن، تېرىسى ئالتۇندەك پاقىراپ تۇرىدىكەن.

خان داڭلىق پولگان (ئاتارمەن) لارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارغا 'ئالتۇن كېيىك'نى تۇتۇپ تېرىسىنى ئەكىلىپ بېرىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. ئەگەر ئۇنى ئەكىلەلمىسە، جەمەتىنى يوقۇتۇش جازاسى بېرىدىكەن.

يۈز ئوۋچى تاغدىكى ئورمانلىققا كىرىپتۇ. كۆپىنچىسىنى زەھەرلىك قۇرۇت-قوڭغۇزلار چېقىپ جېنىدىن جۇدا قىپتۇ. زەھەرلىك قۇرۇت-قوڭغۇزلار چېقىشقا ئۇلگۇرۇپ بولالمىغان بىر پولگان تېز ئالغا ئىلگىرىلەپ بىر چاتقاللىققا كىرىپتۇ. ئۇ، چاتقاللىقتا ئۇسساپ، تىنجىقتا دېمى سىقىلىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ.

ئالتۇن كېيىك بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن دەرھال كېلىپ، ھوشىدىن كەتكەن ئوۋچىنى مىڭ تەستە يۈدۈپ، بىر توپ دەرەختىنىڭ تۈۋىدىكى سۈزۈك چەشمە (بۇلاق) نىڭ يېنىغا ئەكىلىپ قويۇپتۇ. ئوۋچى ھوشىغا كەلگەندە، خان ئېيتقان 'ئالتۇن كېيىك'نى كۆرۈپتۇ. ئۆزىنىڭ قۇتقۇزۇلۇش جەريانىنىمۇ بىلىپتۇ.

-مىنىڭ تېرەم مىڭلىغان ئادىمىزاتنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرسۇن،-دەپ خىتاپ قىلىپ تېرىسىنى تەقدىم قىپتۇ ئالتۇن كېيىك.

ئوۋچى 'ئالتۇن كېيىك'نىڭ تېرىسىنى خانغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ. 'ئالتۇن كېيىك'نىڭ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلىتى ئىنسانلار ئارا تىللاردا داستان بىپلۇپتۇ.

# 17.تۇشقاننىڭ ئۆزىنى كاۋاپ قىلىشى

**(بۇ ھېكايە لادى 285- يىلى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان <پىرامىتا سۇترا> دېگەن بۇددا نومدا ئۇچرايدۇ.)**

**...بىر براھمان 120 ياشقا كىرگەندە رىئال ھاياتتىن زېرىكىپ، تاغدىكى بىر ئورمانلىقتا كېلىپ، بۇلاق سۈيى ئىچىپ، ياۋا مېۋە يەپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.**



**بۇ رەسىم 14-غاردا**

ئورمانلىقتىكى ھايۋاناتلار براھماننىڭ نوم ئوقۇغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرىدىكەن ۋە ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم بولسىمۇ ياخشىلىق قىلىشنى ئويلايدىكەن. بىر يىلى ئورمانلىقتا قورغاقچىلىق يۈز بېرىپ، مېۋىلەر ئازلاپ كېتىپتۇ. قىش بولغاندا بوۋاينىڭ ئۈزۈك-تۈلۈكى ئۆكسۈپ قېلىپ ۋە سوغۇققا چىداشلىق بېرەلمەي بۇ ئورمانلىقتىن كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

بۇ ئورمانلىقتا براھماننىڭ كىتاب ئوقۇغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان ھايۋاناتلار ئۇنى بۇ ئورمانلىقتا داۋاملىق تۇرغۇزماقچى بوپتۇ. مايمۇنلار ئۇنىڭغا يىراق جايلاردىن مېۋە تېپىپ ئەكىلىپ بېرىدىكەن. تۈلكىلەر ئادەم سىياقىغا كىرىپ مەھەللىلەرگە بېرىپ، تېلەمچىلىك قىلىپ تالقان ئەكىلىپ بېرىدىكەن. سۇ چاشقىنى دەريادىن بېلىق تۇتۇپ ئەكىلىپ بېرىدىكەن.

تۇشقان براھمانغا ھېچنېمە تېپىپ بېرەلمىگىنىگە قاتتىق خىجالەت بولىدىكەن. ئۇ ئويلاپ ئاخىر ئۆزىنى تەقدىم قىلىش قارارىغا كەپتۇ-دە، تەمەچ تېرىپ كېلىپ گۈلخان يېقىپتۇ. 'ئۆزەم كىچىك بولسامۇ ئۆزلىرىگە بىر ۋاخ ئۈزۈق بولغايمەن'- دەپ خىتاپ قىلىپ براھمان ئۈچۈن ئۆزىنى گۈلخانغا ئېتىپتۇ.

ئاگنى تەڭرى (ئوت ئىلاھى) تۇشقاننىڭ سەممىيىتىنى چۈشىنىپ، ئەرشتىن ئۇچۇپ چۈشۈپ گۈلخاننى ئۆچۈرىۋېتىپتۇ. براھمان بۇ ئورمانلىقتىكى تۇشقان ۋە باشقا ھايۋاناتلاردىن رازى بولۇپتۇ ۋە كېيىن ھەر قانچە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسىمۇ، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىپ، بۇ ئورمانلىقتىن ھەرگىز كەتمەي ، بەلكى بارچە جانلىقلارغا داۋاملىق نوم ئوقۇپ بېرىپ ياشاشقا بەل باغلاپتۇ.

# 18.شىرنىڭ مايمۇنغا ياردەم بېرىشى

(بۇ ھېكايە كۇسەنلىك بۇددىزىم ئۇستازى كۇماراجىۋا خىتايچىغا تەرجىمە قىلغان <ماھاپراجنىيا پارامىتا سۇترا> دېگەن نومدا بايان قىلىنغان.)

يىل بۇيى ياشىرىپ تۇرىدىغان، مېۋىسى مول، ئەتراپىدا سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرىدىغان بىر گۈزەل ئورمانلىقتا، كۆپلىگەن ھايۋاناتلار ئۆز-ئارا توقۇنۇشماي تىنچ ياشايدىكەن. قاناتلىقلارغا بۈركۈت، ئاياقلىق-تۇۋاقلىقلارغا شىر پادىشاھ ئىكەن. پەقەت بۈركۈتلا ئۇششاق ھايۋاناتلارغا چاڭ سېلىپ، ھېمىشە جېدەل-ماجرا تېرىيدىكەن. باشقىلار ئۇنىڭغا نارازى ئىكەن.

بىر كۈنى، شىر پادىشاھنىڭ خوشنىسى چىمپەنزى مايمۇن يېڭى تۇغقان بالىسىنى شىرغا ھاۋالە قىلىپ قويۇپ، ئۆزى مېۋە تەرگىلى كېتىپتۇ. شىرمۇ كىچىك چىمپەنزىگە ئامراق بولۇپ قالغان ئىكەن. شىر ئۇنى بىردەم ئويناتقاندىن كېيىن ئۇيقۇسى كېلىپ، ئۇخلاپ قاپتۇ. بۈركۈت بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ كىچىك چىمپەنزىنى قاماللاپ ئېلىپ قېچىپتۇ.

ئانا چىمپەنزى قايتىپ كېلىپ شىرنى ئويغۇتۇپتۇ، شىر ۋەقەنى چۈشىنىپ قاتتىق خىجىل بوپتۇ ۋە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بۈركۈتكە 'سەن ئۆزەڭ بىر پادىشاھ تۇرۇپمۇ ئەدلى- ئادالەتنى بىلمەيدىكەنسەن، ئەگەر كىچىك چىمپەنزىنى قولىمىزغا ساق-سالامەت قايتۇرۇپ بەرمىسەڭ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق گۇناھ سادىر قىلماسلىققا

**ۋەدە بەرمىسەڭ، مەن پۈتۈن ئايالىق-تۆۋاقلىقلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ سىنىڭ جەددى-جەمەتىڭنىڭ ئۆۋىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بۇركۇت جەمەتىنى بۇ ئورمانلىقتا ياشىغۇزمايمەن' دەپ جاكارلاپتۇ.**



**بۇ رەسىم 38-غاردا**

**بۇركۇت بۇ ئورمانلىقتىكى ھايۋاناتلارنىڭ شىر بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، كىچىك چىمپەنزىنى ساق-سالامەت قايتۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە شىرنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق گۇناھنى سادىر قىلماسلىققا ۋەدە بېرىپتۇ.**

# 19.پىلنىڭ ئۆز چىشىنى تەقدىم قىلىشى

**(بۇ ھېكايە <پۈرنا مۇكھا ئاۋادانا> دېگەن بۇددا نومىدا بايان قىلىنغان. بۇ نوم مىلادى 223-253-يىللاردا خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان.)**

**ئالتە چىشى بار بىر پىل بار ئىكەن، ئۇ، بىركۈنى ئىككى خوتۇنى بىلەن بىللە ئورمانلىقتا سەيلە قىلغىلى مېڭىپتۇ. كۆل بۇيىدىن ئۆتكەندە بىر نىلۇپەر گۈلى ئۇچراپتۇ. پىل گۈلنى ئۈزۈپ، ئۇنى چوڭ خوتۇنىغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن قىلماقچى بولغاندا، كىچىك خوتۇنى چاققانلىق قىلىپ گۈلنى ئېلىۋاپتۇ. چوڭ خوتۇنى بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، ئېرىنى كىچىك خوتۇنىغا ئامراقكەن دەپ ھېس قىلىپتۇ ۋە كۈندەشلىكى تۇتۇپ، كۆڭلىدىكى ئاچچىقنى يۇتالماي. كەلگۈسىدە يەنە بىر قېتىم قايتىدىن دۇنياغا كەلگەندە، ئېرىنىڭ چىشىنى يۇلۇۋېلىشقا قەسەم قىلىپتۇ.**

**پىلنىڭ چوڭ خوتۇنى شۇ نىيەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ياردىن سەكرەپتۇ ۋە قايتىدىن بىر مەلىكە بولۇپ يارىلىپ، براھماداتتا ئىسىملىك بىر خانغا خانىكە بولۇپتۇ. بۇ خانىكە خانغا 'ئالتە چىشلىق پىلنىڭ چىشىدا كارۋات ياسىتىپ بەرمىسىلە ئۆلۈپ قالىمەن' دەپتۇ. خان بىر ئوۋچىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا 'ئالتە چىشلىق پىل' نى ئوۋلاپ، چىشىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ ۋە تۇتۇپ كەلسە يۈز سەر ئالتۇن بېرىشكە ۋەدە قىپلىتۇ.**

**ئوۋچى ئىنئام ئېلىش ئۈچۈن زەھەرلىك ئوق تەييارلاپ، ئۈستىگە كاشايا (بۇددىساتىۋاچە تون) كىيىپ تەقۋادار دىندار قىياپىتىدە ئوۋغا چىقىپتۇ.**



**بۇ رەسىم 14-غاردا**

**'ئالتە چىشلىق پىلنىڭ كىچىك خوتۇنى ئۇۋۇچىنى كۆرۈپ ئېرىنى دەرھال قېچىشقا ئۈندەپتۇ. ئەمما ئالتە چىشلىق پىل ئۇۋۇچىنىڭ كاشايا كىيگەنلىكىنى كۆرۈپ 'ئۇ چوقۇم بىر ئاقكۆڭۈل دىندار' دەپ ئويلاپ قاچماپتۇ.**

**ئۇۋۇچى نىقاپنىڭ يادىمى بىلەن پىلغا يېقىن كېلىپ، ساداق تارتىپ زەھەرلىك ئوقنى ئېتىپتۇ. پىلنىڭ كىچىك خوتۇنى ئۇۋۇچىنى دەسسەپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇپتۇ،ئەمما جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئالتەچىشلىق پىل رۇخسەت قىلماپتۇ. پىلنىڭ دوستلىرى ئۇۋۇچىغا**

غەزەپلىنىپتۇ. پىل ئۆلارنىمۇ توسۇپ قويۇپتۇ. ئالتەچىشلىق پىل ئۇۋچىدىن بۇ ھەقتە سۆزلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئۇۋچى بۇ يەرگە نېمە سەۋەپ، نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

'ئالتە چىشلىق پىل ۋەقەنىڭ ئارقا كۆرۈنىشىنى چۈشىنىپ يېتىپ، دەرھال خارتۇمىنى بىر تۈپ دەرەختكە يۆگەپ تۇرۇپ، چىشىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۇۋچىغا بېرىپتۇ ۋە بىردەمدىن كېيىن ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

ئۇۋچى ئىنئامغا ئېرىشىپتۇ. خانىكە ئۇۋچى ئېلىپ كەلگەن چىشنى تۇنۇپ، ۋەقەنى چۈشىنىپ، ئالدىراقسانلىق قىلغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىپ، دەرھال ئورۇندىن چىقىپ كېتىپ چېچىنى چۈشۈرۈپ راھىبە بولۇپ ياشاشقا باشلاپتۇ.

# 20.ئاپەتنىڭ ئانىسى

**(بۇ ھېكايە <ساميۇكتا ۋادانا سۇترا> دېگەن بۇددا نومىدا بايان قىلىنغان. بۇ نومنىڭ يەنە مىلادى 25-220 – يىللاردا ۋە مىلادى 284- 417- يىللاردا ختايچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئىككى نۇسخىسى بار.)**

بۇرۇنقى زاماندا شۇنداق بىر ئەل بولغان ئىكەن. ئۇ ئەلدە يۇرت ئىچى توقچىلىق، خەلقنىڭ ھېچنېمىدىن غېمى يوق، سەينا-سەينادا نەغمە-ناۋا ياڭرايدىكەن.

**بىر كۈنى، بۇ ئەلنىڭ خانى ۋەزىرلىرىدىن 'ئاپەتنىڭ ئانىسى' دېگەن بىر نەرسە بارمىش، خەۋىرىڭلەر بارمۇ؟ ' دەپ سوراپتۇ.**

**- ئاپەت ئۇ يۇرتقا كەپتۇ، بۇ يۇرتقا ئاپەت كەپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ تۇرىمىز، ئەمما ئاپەتنىڭ ئانىسى بار دېگەننى ئاڭلاپ باقمىدۇق، - دەپ جاۋاپ بېرىشىپتۇ ۋەزىرلەر.**

**خان 'ئاپەتنىڭ ئانىسى' دېگەن نەرسىنى بىر كۆرۈپ باققۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. ۋەزىرلەر 'ئاپەتنىڭ ئانىسى'نى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ.**

**نامراتلىق باسقان بىر يۇرتتىكى بازاردا، تەگرىلەر ئەرشتىن ئۈچۈپ چۈشۈپ سودىگەر قىياپىتىگە كىرىپ 'ئاپەتنىڭ ئانىسىنى ساتىمەن' دەپ تۇرۇپتۇ. 'ئاپەتنىڭ ئانىسى' دېگەن ھېچنېمىگە ئوخشاتقىلى بولمايدىغان بەد-بەشىرە نەرسە ئىكەن، ئۇنى باتۇر-غۇلاملار زەنجىردە باغلاپ تۇرغان ئىكەن.**

**-بۇ نېمە؟**
**-ئاپەتنىڭ ئانىسى.**
**-نەرقى قانچە پۇل؟**
**-تۆمەن سەر ئالتۇن.**
**-نېمە يەيدۇ؟**
**-كۈندە بىر كورا يىڭنە يەيدۇ.**

**ۋەزىرلەر 'ئاپەتنىڭ ئانىسى' دېگەن بەد-بەشىرە نەرسىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى تۇتۇپ تۇرغان غۇلاملارغا يېتىلىتىپ، ئۆز دۆلىتىگە ئېلىپ كەپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ**

ئەلنىڭ پۇقرالىرى ئالۋاڭغا يىڭنە تاپشۇرىدىغان بولۇپتۇ. خان بولسا 'ئاپەتنىڭ ئانىسى'دېگەن بۇ سەت نەرسىنىڭ زادى قانداق كارامىتى بارلىقىنى كۆرۈشنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.



بۇ رەسىم 178-غاردا

كېيىنكى كۈنلەردە، پۇقرالار ئالۋاڭغا تاپشۇرۇدىغان يىڭنە تاپالمايدىغان، ھەتتا ئۆزلىرىگە كىيىم تىكىپ كىيەلمەي، يالىڭاچ قېلىپ سىرت چىقالمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپتۇ.

ۋەزىرلەر خانغا 'پۇقرالار يىڭنىسىز قېلىپ، كىيىم تىكىپ كىيەلمەي يالىڭاچ قېلىۋاتىدۇ، ئۇلار ئىشقا چىقالماي ئېتىزلار چۆللىشىپ كېتىۋاتىدۇ، جەمئىيەتمۇ قالايمىقانلاشتى، 'ئاپەتنىڭ ئانىسى' دېگەن نەرسىنى يوقاتساق بولغىدەك دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ. تېخىچە 'ئاپەتنىڭ ئانىسى' دېگەن نەرسىنىڭ 'كارامىتى' نى كۆرەلمىگەن خان ۋەزىرلەرنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، 'ئاپەتنىڭ ئانىسى'نى بۇ ئەلدىن يوقۇتۇشقا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

چاپارمەنلەر كۈندە بىر كورا يىڭنە يەپ كېلىۋاتقان 'ئاپەتنىڭ ئانىسى'نى شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭغا نەيزە سانجىسا نەيزە ئۆتمەپتۇ، ئۇنى قىلىچ بىلەن چاپسا قىلىچ ئۆتمەپتۇ. ئاخىر دەل-دەرەختلەرنى كېسىپ، ئوتۇن دۆۋىلەپ ئوت يېقىپ، 'ئاپەتنىڭ ئانىسى'نى ئوتقا تاشلاپتۇ. ئوتۇنلار كۆيۈپ تازا چوغ بولغاندا، 'ئاپەتنىڭ ئانىسى' ئوتتىن چىقىپ يۈگۈرۈپتۇ، مەھەللىدىن ئۆتسە مەھەللىنى ، يېزىدىن ئۆتسە يېزىنى كۆيدۈرۈپ مېڭىپتۇ. 'ئاپەتنىڭ ئانىسى' مەزكۇر ئەلدىكى يۇرتلارنىڭ كۆپ قىسمى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەلدە 'ئاپەتنى ئىزلىسە تېپىلۇر' دېگەن ھېكمەتلىك سۆز چىقىپ ئەۋلادلارغا مىراس بولۇپ قاپتۇ.

# 21. ئادالەتپەرۋەر تۇرنا

**(بۇ ھېكايە بۇددالارنىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى توپلانغان <جاتاكامالا سۇترا> دېگەن نومدا بايان قىلىنغان. بۇ نومنىڭ مىلادى 10-ئەسىردە ختايچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى بار.)**

**باراناس دۆلىتىدە بىر كۆل بار ئىكەن، ئۇ 'ئاق تۇرنا يۇرتى' دەپ تەسۋىرلىنىدىكەن. بۇ كۆلدىكى تۇرنىلار ناھايىتى ئىناق ياشايدىكەن. تۇرنىلار كۆلدە ئۈزۈپ يۈرگەن-دە گويا سۇۋار ئېچىلىپ كەتكەن نىلۇپەر گۈللىرىگە، كۆكتە پەرۋاز قىلغاندا گويا بىر پارچە ئاق بۇلۇتقا ئوخشاپ قالىدىكەن. بۇ كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەر گۈزەل ھەم ھاۋالىق ئىكەن.**

**باراناس دۆلىتىنىڭ خانى بۇ كۆلدىكى تۇرنىلارنىڭ پادىشاھىنى بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ۋەزىرلەر ئۇنىڭغا 'ئوردىغا يېقىن جايدا بىر يېڭى كۆل چاپقۇزۇپ چىقايلى، ئۇنىڭدا نىلۇپەر گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرغاندىن باشقا، تۇرنىلار ياقتۇرۇ-دىغان نەغمە-ناۋالار ئەكس سادا پەيدا قىلىپ تۇرىدىغان بولسۇن، شۇنداق قىلغاندا تۇرنىلارنىڭ پادىشاھى بۇ تەرەپكە كېلىدۇ' دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.**

**يېڭى كۆل پۈتۈپتۇ، ئۇنىڭدا نىلۇپەر گۈللىرى ئېچىلىپ، خۇشپۇراق چېچىپ تۇرۇ-دىكەن، كېپىنەكلەر، ھېرىلەر ئەگىپ يۈرىدىكەن. كۆلنىڭ سۈيىدە خىلمۇ-خىل بېلىقنىڭ ئۈزۈپ -ئويناشلىرى ئەينەكتە كۆرۈنگەندەك كۆررۈنۈپ تۇرىدىكەن.**

سۇ ئىچىدىن يېقىملىق نەغمە -ناۋا ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. كۆن چىققاندا كۆن ، ئاي چىققاندا ئاي گويا شۇ كۆلدىن چىققاندەك كۆرۈنىدىكەن.

بىر كۈنى، بۇ كۆلگە ئىككى تۇرنا كېلىپ، بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قايتىپ كېتىپتۇ. ۋەزىرلەر كۆلگە تۇرنا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەمدى تۇرنىلارنىڭ پادىشاھىمۇ كېلىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىپ، ئۇنى خانغا كۆرسۈتۈش ئۈچۈن قىلتاق قۇرۇپ ساق تۇتۇۋېلىشنى پىلانلاپتۇ.

تۇرنا پادىشاھى ئۆز جەمەتلىرىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كۆلدە ئادەمزاتنىڭ ھىيلە -مىكىرلىرى بار-يوقلىقىنى بايقاش ئۈچۈن ئۆزى باش ۋەزىرى بىلەن بىللە كەپتۇ.



بۇ رەسىم 38-غاردا

-مەن قىلتاقتا چۈشۈپ قالدىم،- دەپتۇ تۇرنا پادىشاھى ۋەزىرىگە، سەن دەرھال قايت، باشقىلار بۇ كۆلگە ھەرگىز كەلمىسۇن!

تۇرنا پادىشانىڭ ۋەزىرى يالغۇز قايتقىلى ئۇنىماپتۇ ، ئۇ، ئۆز پادىشاھى بىلەن ھايات-ماماتلىقتا بىللە بولۇشنى تالالاپتۇ. بۇ چاغدا ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھى بىلەن ۋەزىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتكىلى يەنە بىر تۇرنا ئۇچۇپ كەپتۇ.

قىلتاقچىمۇ كۆل بويىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ، قىلتاققا چۈشۈپ قالمىغان بىر تۇرنىنىڭ بۇ يەردىن كەتمەي كۆل بويىدا ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. قىلتاقچى ئۇ تۇرنىدىن نېمە ئۈچۈن بۇ جايدىن كېتەلماي ئەگىپ يۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

-بىزنىڭ پاسشاھىمىزنى قويۇپ بېرىڭ، مىنىڭمۇ شەكلىم ئۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئورنىغا مىنى تۇتۇپ كېتىڭ، -دەپتۇ تۇرنا پادىشاھىنىڭ ۋەزىرى.

قىلتاقچى بۇ تۇرنىنىڭ ئالىجاناپ روھىدىن تەسىرلىنىپ، قىلتاققا چۈشۈپ قالغان تۇرنىنى قويۇپ بېرىپتۇ.

-خانىڭىز مىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان، سىز مىنى تۇتۇپ خانىڭىزغا كۆرسۇتۇش ئۈچۈن قىلتاق قۇرغان، -دەپتۇ تۇرنا پادىشاھى،- ئەگەر مىنى ئېلىپ بارمىسىڭىز ، چوڭ ئىنئامدىن قۇرۇق قالىسىز، مىنى، ھەتتا ۋەزىرىمنىمۇ قوشۇپ ئىككىمىزنى قەپەزگە سولاپ خانىڭىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ ئىنئام ئېلىڭ.

قىلتاقچى ئىككى تۇرنىنى خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە ۋەقەنىڭ پۈتۈن جەريانىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

تۇرنا پادىشاھى باراناس دۆلىتىنىڭ خانىغا ئادىمىزاتنىڭ قائىدە-يۇسۇنى بويىچە سالام بېرىپ، ئامانلىق سوراپتۇ. خانمۇ تۇرنىنىڭ سالامىغا ۋەلەيك ئېيتىپتۇ. خان قىلتاقچىغا چوڭ ئىنئام بېرىشكە يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

**-خانلار كۆرۈشكەندە پۇقرالارنىڭ لوقما سېلىشى دۇرۇس ئەمەس ئىدى، ئەمما مەن، -دەپتۇ تۇرنا پادىشاھنىڭ ۋەزىرى،- مۇشۇ بىر دەقىقىدىكى جىمجىتلىقتىن پايدىلىنىپ، پادىشاھىمىزنىڭ سالامىنى قوبۇل قىلغانلىرىغا رەھمەت ئېيتىۋالاي!**

**-بىز سىزنىڭ تەۋەلىكىڭىزدە ياشاۋاتقان ئۇچار قۇش ئەھلىنىڭ بىر خىلى،- دەپتۇ تۇرنا پادىشاھى،- بىز سىزگە ماڭگۇ بەخت تىلەيمىز!**



بۇ رەسىم **38**-غاردا

**بۇ چاغدا، سىرتتىن تۇرنىلارنىڭ ئۆز پادىشاھىنى قىچقىرىپ توۋلىغان ئەنسىز ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپتۇ. خان تۇرنا پادىشاھىنى قويۇپ بېرىپتۇ ۋە شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن بۇ ئەلدە تۇرنىلارغا زىيان -زەخمەت يەتكۈزۈشنى مەنئى قىپتۇ. تۇرنىلارمۇ بۇ ئەلدە ئادەملەردىن قاچماي بىللە ياشاۋېرىدىغان بوپتۇ.**

# 22. دېدەك بىلەن قوچقارنىڭ ماجىراسى

**(بۇ ھېكايە بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدە سۆزلىنىدىغان <سامىيۇكتا راتنىنا كۇتا سۇترا> دېگەن نومدا بايان قىلىنغان.)**

**خوجايىنى ئۇچۇن مەخسۇس قوماچ قورۇيدىغان بىر دېدەك بار ئىكەن. ئۇ خوجايىنىنىڭ قوچقىرى بىلەن چىقىشالمايدىكەن. خوجايىنىنىڭ ئۆيىگە ئەركىن كىرىپ – چىقىپ يۈرىدىغان ئەركە قوشقار پات-پاتلا دېدەك يوق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ قوماچ ئوغۇرلاپ، دېدەكنى سوراققا قويىدىكەن. ھەتتا دېدەكنىڭ قولىدا تاياق يوقلۇقىنى كۆرگەن ھامان دەرھال بېرىپ ئۇنى ئۈسسۈۋالىدىكەن.**

**بىر كۈنى، دېدەك قوشقارنىڭ قوماچ ئوغۇرلاپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. دېدەك قولىغا تاياق ئېلىپ بولغىچە، قوچقار دېدەكنى تازا كىلىشتۈرۈپ بىرنى ئۈسسۈپتۇ.**

**دېدەك قوچقارنى قورقۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن، ئوچاقتا كۆيۈۋاتقان چوڭچوڭ ئوتۇننى قولىغا ئېلىپ قوچقارغا ئېتىپتۇ. دۈمبىسىگە ئوت تۇتاشقان قوچقار كۆل تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ. قوچقار بىر قۇمۇشلۇقتىن ئۆتكەندە قۇمۇشقا ئوت تۇتاشقان ئىكەن. ئوت بارغانسىرى ئۇلغىيىپ، ئەتراپتىكى چاتقاللىققا، چاتقاللىقتىن مەھەللىگە يامراپتۇ.**



**بۇ رەسىم 17-غاردا**

**تەڭرىلەر ئەرشتە تۇرۇپ زىمىندە يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۈچۈپ چۈشۈپ ئوتنى ئۆچۈرىۋاپتۇ ۋە دېدەك بىلەن قوچقارنى قوشاققا قېتىپتۇ:**

**كىچىك ئىشتىن جېدەللىشىپ**
**دېدەك، قوچقار داۋامەت،**
**جېدەلدىن چىقىپ چوڭ چاتاق**
**بوپتۇ ھەممە جانلىققا قىيامەت.**

# 23. تۇتىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈشى

**(بۇ ھېكايە قەدىمقى كۇسەنلىك بۇددىزم ئۇستازى كۇماراجىۋا خىتايچىغا**
**تەرجىمە قىلغان بۇددالارنىڭ يارالمىشى سۆزلىنىدىغان**
**<ماھاپراجنىيا پارامىتا سۇترا> دېگەن**
**نومدا بايان قىلىنغان.)**

**ھىمالايا (**سانسكرىت تىلىدىكى مەنىسى: قارلىق تاغ **)نىڭ تەسكەي تەرىپىدە بىر باراقسان ئورمانلىق بار ئىكەن. بىر كۈنى بۇ ئورمانلىققا ئوت كېتىپتۇ. ئۇ چاغدا ئورمانلىقتىكى قۇشلار ۋە باشقا ھايۋاناتلار شىرىن ئۇيقۇدا ئىكەن.**

**بىر ئويغاق تۇتى ئوتنى ئۆچۈرمەكچى بولۇپ دەرياغا ئۇچۇپ بېرىپ، ئاغزىغا سۇ ئېلىپ، قايتىپ كەلگەندە ئۇنى كۆيۈۋاتقان ئوتقا چېچىپتۇ. بۇ تۇتى توختىماي دەرياغا ئۇچۇپ بېرىپ، ئاغزىدا سۇ ئېلىپ كېلىپ، قايتقاندا ئۇنى ئورمانلىقتا كۆيۈۋاتقان ئوتقا چېچىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىپتۇ .**



**بۇ رەسىم 38- غاردا، يىل دەۋرى مىلادى 4-ئەسىر**

**ئەرشتە تۇرغان يەل تەڭرىسى(بوران تەڭرىسى) بۇ كىچىك تۇتىنىڭ بۇقەدەر چوڭ ئىرادىگە كەلگەنلىكىدىن تەسىرلىنىپ، دەرھال زىمىنگە ئۇچۇپ چۈشۈپ ئوتنى ئۆچۈرۈپتۇ.**

# 24.ئارزۇلۇق گوھەر

**(بۇ ھېكايە ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدە سۆزلىنىدىغان <پراجنيا مۇكھا سۇترا> دېگەن نومدا ئۇچرايدۇ. بۇ نومنىڭ تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە قولىيازما نۇسخىسى بار. ئۇنى ئا. فون. گابايىن خانىم تەتقىق قىلىپ <قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى > دېگەن كىتابىغا كىرگۈزگەن. مەن بۇ ھېكايىنى 1974- يىلى پروفېسسور گېڭشىمىن ئەپەندىدىن دەرستە ئاڭلىغان.)**

**قەدىمقى زاماندا بىر چوڭ دۆلەت بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ خانى بەش يۈز شەھەرنى باشقۇرىدىكەن. ھەر شەھەردە بىردىن خانىشى بار ئىكەن. لېكىن بىرمۇ ئوغلى يوق ئىكەن. ئۇ خان كۈن، ئاي، دېڭىز، ئورمان تەڭرىلىرىگە بىر -بىرلەپ نالە- ئىلتىجا قىلىپ، ئۇلاردىن كەلگۈسىدە بۇ ئەلنى ئىدارە قىلالايدىغان بىر ئەقىللىق ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىشنى تىلەيدىكەن.**

**ئورمانلىقتا ياشاۋاتقان بىر پەرىشتە خاننىڭ ئارزۇ-ئارمانىنى چۈشىنىپ، خاننىڭ چوڭ خانىكىسىنىڭ ۋۇجۇدى ئارقىلىق قايتىدىن يارىلىپ خانغا كىچىك خانىكە بوپتۇ. ئۇ بىر ئوغۇل بالا تۇغۇپتۇ. بۇ بالىغا مۇنەججىملەرنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسەن 'كالىيانامكارا' (بۇ سۆز سانسكرىت تىلىدا مەنىسى 'ياخشىلىك قىلغۇچى') دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.**

ئورمانلىقتىكى يەنە بىر پەرىشتىمۇ خاننىڭ ئىككىنجى خانىكىسىنىڭ ۋۇجۇدى ئارقىلىق قايتىدىن يارىلىپ، خانغا خانىكە بولۇپ بىر ئوغۇل بالا تۇغۇپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمىنى مۇنەججىملەرنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسەن 'پاپامكارا' (بۇسۆز سانسكرت تىلىدا مەنىسى 'يامانلىق قىلغۇچى') قويۇپتۇ.

كاليانامكارا شاھزادە ناھايىتى ئەقىللىق، مېھرىبان ۋە بىلىملىك بولۇپ يېتىلىپتۇ. ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى پۈتۈن خەلقنىڭ رايىنى ئۇققاندىن كېيىن، خان ئاتىسىدىن دۆلەت خەزىنىسىنى ئېچىۋېتىپ خەلققە سەدىقە بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. خان بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىپتۇ. سەدىقە بېرىۋېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇپ قاپتۇ. شاھزادە دۆلەت خەزىنىسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن دېڭىزغا بېرىپ گوھەر تېپىپ كېلىشكە بەل باغلاپتۇ. خان شاھزادىنىڭ تەلىپىگە ناھايىتى تەستە قوشۇلۇپتۇ.



بۇ رەسىم 38-غاردا

چوڭ شاھزادىنىڭ دېڭىز  سەپىرىگە ئۇكا شاھزادىمۇ ئەگىشىپ بىللە مېڭىپتۇ.

 بۇ سەپەرگە ئاتلانغان ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ئۇلار  دېڭىزدىكى كۈمۈش تاغ، كرىستال تاغ، ئالتۇن تاغ ... دېگەن خادا تاشلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن،  خەتەرلىك ھادىسىلەر يۈز بېرىشكە باشلاپتۇ. بۇ چاغدا كىچىك شاھزادىگە ۋەسىيەت قالدۇرۇپ  'ئەجدىھار ئوردىسىغا يېتىپ باغاندا، ئىشكنى ئالماس توخماق بىلەن ئاچسىڭىز، ئىچىدىن بەش يۈز نەپەر تەگرى قىزى  چىقىپ گوھەر تەقدىم قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل قىزنىڭ قولىدىكىسى سىز ئارزۇ قىلغان  'چىن تامانى ئەردەنى' (مەنىسى ئارزۇلۇق گوھەر)    دېگەن گوھەر شۇ ' دەپتۇ.

دېڭىزدا لەھەڭ بېلىقلار، راكشاسلار (ئېزىتقۇ-ئالۋاستىلار ) .... توختىماي ھۇجۇم قىلغانلىقتىن كىمە ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. كېمىدىكى ئادەملەرنىڭ كۆپۈنچىسى دېڭىزغا غەرق بوپتۇ. پەقەت ئاكا-ئۇكا شاھزادىلا ئامان قېلىپ 'ئەجدىھار ئوردىسى'غا يېتىپ بېرىپ، ئارزۇلۇق گوھەرگە ئېرىشىپتۇ. چوڭ شاھزادە بۇ گوھەرنىڭ ھېكمىتىنى ئۇكىسىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار قىرغاققا چىققاندا، ئۇكىسى گوھەرنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇ گوھەرنى قولىغا ئالغاندىن كېينلا ئاكىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز ئوردىغا قايتىپ ، ئاكىسىنى 'دېڭىزدا غەرق بولدى' دەپتۇ.

ئاكا شاھزادە ئۆلمىگەن ئىكەن،ئۇ ھۇشىغا كەلسە،  كۆزى ھېچنېمىنى كۆرمەپتۇ. ئۇنىڭ ئىككى كۆزى تاياق زەربىسىدە قارىغۇ بولۇپ قالغان ئىكەن. ئۇ ئۆمىلەپ يۈرۈپ بىر مەھەللىگە كېلىپ قاپتۇ. بىر پاتىچى ئۇنى ئۆيىگە ئەكىلىپ، كۆزىنى كۈندە كالا سۈتى بىلەن يۇيۇپ، جاراھىتىنى سېرىق ياغدا ياغلاپ داۋالاپ ساقايتىپتۇ.

چوڭ زاھزادە ئۇستا سازەندە ئىكەن. مەھەللىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭ نەغمىسىنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ.  بۇ مەھەللىنىڭ بېگىنىڭ  قىزى ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇپتۇ.

چوڭ شاھزادىنىڭ ئاتىسى يا شاھزادىنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي يا جەسىتىنى تاپالماي تۇرغاندا، چوڭ شاھزادە كېچىكىدە باققان بىر توز ئۇچۇپ كېلىپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ.

خان چوڭ شاھزادىسىنى ئوردىغا ئەكىلىپتۇ. كەنجى شاھزادىنى زىندانغا تاشلاپتۇ. چوڭ شاھزادە 'ئەگەر ئۇكامنى قويۇپ بەرمىسەڭلەر ئوردىدا تۇرمايمان ' دەپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، ئۇكا شاھزادىنى زىنداندىن چىقىرىپتۇ. چوڭ شاھزادە ئۇكىسىغا قۇچاق ئېچىپتۇ. ئۇكىسى گوھەرنى ئاكىسىغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ ۋە گۇناھىغا تۆۋە قىپتۇ.

-گوھىرىم'-دەپ ئىلتىجا قىپتۇ چوڭ شاھزادە، - دادامنىڭ مەرتىۋىسىنى يەتتە قەۋەت گوھەرنىڭ ئۈستىدە قىلغايسەن، دۆلەت خەزىنىسىنى تولدۇرۇپ بەرگەيسەن!

چوڭ شاھزادە يەنە پۈتۈن خەلققە 'ھەرقانداق تەلەپ-ئارزۇيىڭلار بولسا ئېيتىڭلار، ئازۇلۇق گوھەر ئارقىلىق بىجا كەلتۈرىمەن' دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.

دۆلەت خەزىنىسى بايلىققا تولۇپتۇ، دۆلەت پۇقرالىرى باياشاتلىققا ئېرىشىپتۇ، شاھزادىدىن دۆلەتمۇ، خەلقمۇ رازى بولۇپتۇ.

# 25. نىلۇپەر خېنىم

(بۇ ھېكايە بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدە سۆزلىنىدىغان <ساميۇكتا راتنا كۇتا سۇترا> دېگەن بۇدد نومىدا ئۇچرايدۇ.)

بۇرۇنىسىدا، ھىمالايا (قارلىق تاغ)نىڭ ئېتىكىدە براھمان (ئەھلى-ئىلمىيەر) تەبىقىسىدىن چىققان بىر پەرىشتە بار ئىكەن. ئۇ ئەۋلاد قالدۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ئەرشكە چىقىپ

كېتەلمەي زىمىندە قالغان ئىكەن.

بىر كۈنى، ئۇ پەرىشتىنىڭ تەرىتى قىستاپ كېتىپ تاشنىڭ ئۈستىگە تەرەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. ئۇنىڭ تەرىتى ئېقىپ بىر بۇلاققا چۈشۈپتۇ، بۇلاق سۈيىنى ئىچكەن بىر چىشى كېيىك ھامىلدار بولۇپ، نىلۇپەر كىيىملىك بىر قىز تۇغۇپتۇ. پەرىشتە ئۆزىنىڭ بۇ ئەۋلادىنى تونۇپ قاپتۇ ۋە ئۇنى بېقىپ چوڭ قىپتۇ . ئۇنىڭ ئىسمىنى 'پاتما' (بۇ سۆز سانسكرىت تىلىدا مەنىسى 'نىلۇپەر'. ئۇيغۇرلاردا 'پاتما' دېگەن ئىسىم بار، 'پاتەم' دېگەن ئۇنىڭ ۋارىيانتى) دەپ ئاتاپتۇ. نىلۇپەر خېنىم (پاتما خېنىم) چوڭ بولۇپتۇ، ئۇ قەدەم باسقانلىكى يەردە نىلۇپەر ئۈنۈپ قالىدىكەن.



بۇ رەسىم 224-غاردا

بىر كۈنى نىلۇپەر خېنىمنىڭ دادىسى (براھمان، ئەسلى پەرەشتە) نىڭ گۈلخىنىدا ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ. براھمان قىزىنى گۈلخانغا ئوت يېقىش ئۈچۈن قوشنىلاردىن چوغ تېلەپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. مەھەللىدىكى بىر گۈلخانىنىڭ ئېگىسى نىلۇپەر خېنىمغا قۇرونى بىر

ئايلىنىپ بەرسە كەلسە ئاندىن چوغ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. نىلۇپەر خېنىم ئۇ كىشىنىڭ ھويلىسىنى بىر ئايلىنىپ كېلىپ ئاندىن چوغنى ئېلىپ كېتىپتۇ، نىلۇپەر خېنىم كەتكەندىن كېيىن، بۇ قورونىڭ ئەتراپىدا نىلۇپەر ئۈنۈشكە باشلاپتۇ.

ھىمالايا دۆلىتىنىڭ خانى ئوتيانا خان نىلۇپەر خېنىمنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، ئۆزى تاغ ئېتىكىدىكى بۇ كىچىك مەھەللىگە كېلىپ، بۇ جايدا تۇرىدىغان براھمان (پەرىشتە) دىن قىزىنى خانىشلىققا بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. براھمان خاننىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ 'خان ئائىلىلىرىغا بەش يۈز ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەي' دەپ دۇئا قىلىپ قىزىنى بېرىپتۇ.

نىلۇپەر خېنىم ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن، باشقا خانىشلەر ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەن، ھەتتا ئۇنى 'كېيىك خوتۇن' دەپ چاقىرىشىدىكەن.

نىلۇپەر خېنىم ھامىلدار بولۇپتۇ. ئاي، كۈنى توشقاندا بەش يۈز تۇخۇم تۇغۇپتۇ. باشقا خانىشلەر تۇخۇملارنى سېۋەتكە سېلىپ 'گاڭگا' دەرياسىغا تاشلىۋېتىپ قايتىپ كېلىپ، خانغا 'خانىشە خېمىر تۇغدى' دەپتۇ. خان بۇ ۋەقەدىن خجىل بولۇپ، نىلۇپەر خېنىمنى زىندانغا تاشلاپتۇ.

گاڭگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى بىر كىچىك ئەلنىڭ خانى شىكارغا چىققاندا، دەريادا ئېقىپ كېلىۋاتقان بىر سېۋەتنى سۈزۈۋاپتۇ. ئۇنى ئوردىغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، سېۋەتتىكى ھەر بىر تۇخۇمدىن بىردىن غۇلام (باتۇر ئەر) چىقىپتۇ. غۇلاملار خانغا ' كىم سىزگە قارشى تۇرسا، بىز ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىمىز' دەپتۇ. بۇ كىچىك دۆلەت ھىمالايا دۆلىتىنىڭ خانى ئوتيانا خانغا باج تۆلەيدىكەن، پات-پاتلا ئوتيانا خاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدىكەن. بۇ كىچىك ئەلنىڭ خەلقى ئوتيانا خاندىن بىزار ئىكەن.

غۇلاملار ھىمالايا دۆلىتىنىڭ خانى ئوتيانا خاننىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويماقچى بوپتۇ. ئوتيانا خان ئۇلارغا تاقابىل تۇرالماي، تاغدىكى پەرىشتىدىن ياردەم سوراپتۇ. تاغدىكى پەرىشتە (براھمان) خانغا 'نىلۇپەر خېنىمغا مۇراجىئەت قىلىڭ' دەپتۇ.

غۇلاملار ئوتيانا خاننىڭ مۇداپىئەلىرىنى بىر-بىرلەپ بۇزۇپ، ئۇنىڭ ئوردىسىغا بېسىپ كىرگەندە، نىلۇپەر خېنىمنى زىنداندىن چىقىرىپ خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپتۇ، غۇلاملار خان بىلەن خانىشنىڭ ھەر ئىككىسىگە قارىتىپ ساداق تارتىپتۇ.

نىلۇپەر خېنىم ئەمچىكىنى باسقان ئىكەن، 500 جۈمەكتىن ئوغۇز سۈتى ئېتىلىپ چىقىپتۇ. غۇلاملار بۇ سۈتنى كۆرۈپ ئۆز ئانىسىنى تونۇپتۇ. چېقىمچىلارغا ئىشىنىپ كەتكەن ئوتيانا خان گۇناھىغا توۋە قىپتۇ.

# 26. يىلان پادىشاھىنىڭ تېرە تەقدىم قىلىشى

(بۇھېكايە بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدەسۆزلىنىدىغان <كىشاماكارا بۇدىساتۋا سۇترا> دېگەن بۇددا نومىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ نوم مىلادى 222-280- يىللاردا 'ۋۇ' دۆلىتىدە خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئىكەن.)

بىر كۈنى، 'گارۇدا' ئىسىملىك ئىككى باشلىق قۇش تاغدىكى بىر ئورمانلىقتا ياشايدىغان يىلانلارغا پاراكەندىچىلىك سېلىپتۇ. يىلان پادىشاھى ئۇنىڭغا 'سەن ئاسماندا ئۇچىدىغان ئۇچارلىقلارنىڭ پادىشاھى، بىز بولساق

جىرالاردا ئۆملىگۈچىلەر، بىز ساڭا نېمە زىيان سالدۇق؟ ئەگەر پەيلىڭدىن يانمىساڭ، پۈتۈن يىلان بىرلىشىپ ساڭا ھۇجۇم قىلىمىز' دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپتۇ. يىلانلارنىڭ ئۇيۇشقان كۈچىدىن قورقۇپ كەتكەن گارۇدا يىلانلارغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىن ۋاز كېچىپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ ئورمانلىقتا ئادەملەر كەپتۇ. يىلان پادىشاھىنىڭ تېرىسى ئۇلارنىڭ كۆزىنى چاقنىتىپتۇ. ئۇلاردىن بىرسى يىلان پادىشاھىنىڭ تېرىسىنى خانغا تەقدىم قىلىپ ئىنئام ئېلىشنى ئويلاپتۇ.



**بۇ رەسىم 17-غاردا**

يىلانلار بۇ جايغا كەلگەن ئادەملەرنىڭ بەد نىيىتىنى سېزىپ قاپتۇ. پۈتۈن يىلان جامائىتى ئۆزىنىڭ پادىشاھىغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزگەن ئادەمگە بىرلىشىپ ھۇجۇم قوزغاشقا تەييار ئىكەنلىكىنى جاكارلاپتۇ. ئەمما يىلان پادىشاھى بولسا ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئادەملەرگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، پۈتۈن يىلانلارغا ئادەملەرگە يېقىن يولىماسلىق توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. يىلان پادىشاھى خانغا يىلان تېرىسى تەقدىم قىلىپ ئىنئام ئېلىشقا بەل باغلىغان ئادەمنىڭ پەيلىدىن يانمايدىغانلىقىنى بىلىپ، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شۇ ئادەمنىڭ ئالدىدا دەرەختكە يۆگىلىپ تۇرۇپ تېرە تاشلاپتۇ. ئۇ ئادام جاپا تارتمايلا يىلان پادىشاھىنىڭ تېرىسىنى ئېلىپ مېڭىپتۇ.

بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ تۇرغان تەڭرىلەر ئەرشتىن چۈشۈپ، يىلان پادىشاھىنىڭ ئاخلاق-پەزىلىتىگە مەدھىيە ئوقۇپتۇ ۋە جېنىنى تېنىگە قايتۇرۇپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىرايلىق يېڭى تېرە بېرىپتۇ.

# 27. ئوتۇنچىنىڭ ئېيىقنى يولۋاسقا تۇتۇپ بېرىشى

**(بۇ ھېكايە <ماھاپراجنىيا شاستىر> دېگەن بۇددا نومىدا بايان قىلىنغان. بۇ نومنىڭ كۇماراجىۋا خىتايچىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى بار.)**

باراناس شەھرىدە ئوتۇنچىلىق قىلىپ جېنىنى جان ئېتىدىغان بىر گاداي ئادەم بار ئىكەن. ئۇ، بىر كۈنى تاغقا ئوتۇن كەسكىلى بارغاندا، توساتتىن بىر يىرتقۇچ يولۋاسقا

**ئۇچراپ قاپتۇ. يولۋاس ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلگەندە، ئۇ قاتتىق قورقۇپ كېتىپ بىر توپ چىنارغا يامىشىپ چىقىۋاپتۇ.**

**ئۇ چىنارنىڭ ئۈستىدە بىر ئېيىق دەم ئېلىۋاتقان ئىكەن. ئوتۇنچى بۇ ئېيىقنى كۆرۈپ يەنە بىر قېتىم قاتتىق قورقۇپ كېتىپتۇ. چىنارنىڭ تېگىدە يولۋاس، ئۈستىدە ئېيىق، نەگە قېچىش كېرەك؟**

**-قورقماڭ مەن سىزنى قۇتۇلدۇرىمەن، -دەپتۇ ئېيىق ئوتۇنچىغا ۋە ئۇنىڭغا قويۇن ئېچىپتۇ. بۇ چاغدا يولۋاس ئېيىققا 'بۇ بىر ۋاپاسىز ئادەم، ئۇنى قوغداپ قالماي ماڭا تاشلاپ بەرگىن'- دەپتۇ .**



**بۇ رەسىم 114-غاردا، يىل-دەۋرى 5- ئەسىر**

**-مەن بۇدداغا چۇقۇنىمەن'،-دەپتۇ ئېيىق، -مەندىن پانالىق تىلىگەن ھەرقانداق جانلىقنى قوغداپ قالمىسام، ئەقىدەمگە خىلاپ بولىدۇ!**

**ۋەزىيەت تىنچلانغاندىن كېيىن ئېيىقنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. يولۋاس ھېلە-مىكرى ئىشلىتىپ، ئوتۇنچىغا 'سەن چىنارنىڭ ئۈستىدە قانچە ئۇزۇن تۇرالايسەن؟ ئەگەر سەن ئېيىقنى چىناردىن ئىتتىرىپ چۈشۈرىۋەتسەڭ، ئۇنىڭ گوشىدا قوسۇقۇم تويىدۇ، مەن بۇ يەردىن كېتىپ قالىمەن، سەنمۇ ئۆيۈڭگە قايتالايسەن،-دەپتۇ.**

**ئوتۇنچى ئۆز جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئېيىقنى چىناردىن ئىتتىرىۋېتىپتۇ. ئېيىق ئۇيقۇلۇقتا يىقىلغانلىقى ئۈچۈن ئېغىر زەخمىلىنىپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئېيىق ھوشىغا كېلىپ بولغىچە يولۋاسقا يەم بولۇپتۇ. ئەمما ئوتۇنچىمۇ ئامان قالماپتۇ.**
**(بۇ ھېكايىنىڭ يەنە بىر نۇسخىسىدا 'ئوتۇنچى ئامان قالغان، لېكىن ئېيىقنىڭ ئۆۋالىغا قېلىپ ساراڭ بولغان' دەپ بايان قىلىنغان. )**

# 28. قونچاق ئويۇنى

**(بۇ ھېكايە بۇددالارنىڭ يارالمىش سەۋپلىرى ھەققىدە سۆزلىنىدىغان <جاتاكا نىدانا> دېگەن نومدا بايان قىلىنغان. بۇ نومنىڭ مىلادى 285- يىلى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى بار.)**

**بۇرۇن بىر ئۇستا ھەيكەلتاراچ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ياغاچتىن بىر قونچاق ياساپتۇ. قونچاقنىڭ تەق-تۇرۇقى، ئىش-ھەرىكىتى رېئال ئادەمدىن پەرقلەنمەيدىكەن.**

**ئۈنىڭغا كېيىم كىيگۈزۈپ، يۈز-كۆزىگە ئۇپا-ئەڭلىك سۈرۈپ جابدۇسا، بەئەينى بىر شاش 'ئۇسسۇلچى يىگىت' بولۇپ نەغمە باشلانغان ھامان ئۇسسۇلغا چۈشىدىكەن.**

**خان ۋە خانىش قونچاق ئويۇنى ھەققىدىكى ماختاشلارنى ئاڭلاپ، قىزىقىپ قاپتۇ. خان بىر كۈنى ھەيكەلتاراچنى چاقىرتىپ كېلىپ قونچاق ئويناتقۇزۇپتۇ. خان بىلەن خانىش پەشتاقتا ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرۈپتۇ.**



**بۇ رەسىم 175-غاردا**

ئويۇن باشلىنىپتۇ. 'قونچاق يىگىت' نەغمىگە تەڭكەش قىلىپ ئۇسۇلغا چۈشۈپتۇ. ئۇنىڭ قول، بەدەن ھەرىكىتى ئاجايىپ چاققان ھەم جانلىق ئىكەن. خان بىلەن خانىش ئويۇننى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ خۇددىنى يوقىتىپ قويىاي دەپ قالغاندا، 'ئۇسۇلچى يىگىت' پىرقىراپ كېلىپ، خانىشقا لىپپىدە قاش ئېتىپ قويۇپتۇ.

-ھەي لۈكچەك، - دەپ ۋاقىراپ كېتىپتۇ خان،- مېنىڭ ئالدىمدا يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ، خانىشقا نىيەت بۇزۇشقا قانداق پېتىندىڭ؟

'ئۇسۇلچى يىگىت' بۇنداق ۋاقىراشقا پىسەن قىلماپتۇ، بەلكى تېخىمۇ شوخ ھەرىكەت قىلىپ ئويناۋېرىپتۇ. خان تېخىمۇ غەزەپلىنىپ، جاللات چاقىرىپ 'ئۇسۇلچى' نىڭ بېشىنى ئېلىشقا بۇيرۇپتۇ.

ھەيكەلتاراچ خانغا يالۋۇرۇپ 'بۇ مېنىڭ ياغاچ ئوغلۇم، ئۇ مەندىكى ھەممە ئىچ پۇشۇقنى كەتكۈزىدىغان ئۇماق ئويۇنچۇق. ئەگەر ئۇ شۇخلۇق قىلىپ قويغان بولسا كەچۈرسلە، ئەگەر چۇقۇم بېشىنى ئېلىشقا توغرا كەلسە، جازانى مەن ئۆزەم ئىجرا قىلاي ، دەپتۇ.

خان بۇ ئۇسۇلچى 'لۈكچەك' نى كەچۈرمەيدىكەن. ھەيكەلتاراچ خاننىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن 'ئۇسۇلچى يىگىت' نىڭ بىر مېرۋېتىنى چىقىرىۋېتىپتىكەن، 'ئۇسۇلچى يىگىت'نىڭ ئىككى يۈز ئالتە پارچە 'سۆڭەكى' چۇگۇلۇپ كېتىپتۇ. خان يەردىكى ياغاچ پارچىلىرىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قاپتۇ. ئۇ ئەس-ھوشىنى يىغقاندىن كېيىن، ئۆزى كۆرگەن بۇ ئويۇننىڭ 'قونچاق ئويۇنى' ئىكەنلىكى ئېسىگە كەپتۇ.

ئويۇندىن كېيىن، خان ھەيكەلتاراچىنىڭ يۇقۇرى سەۋىيەلىك ھۈنەر-ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا مىڭ سەر ئالتۇن بىلەن بىر ئارغىماق ئىنئام بېرىپتۇ.

# 29. راھىپلار ئۈچۈن ساراي سالدۇرۇش

**(بۇ ھېكايە ئاقىللىق بىلەن ئاخماقلىق ھەققىدە سۆزلىنىدىغان <داماموُكى نىدانا> دېگەن بۇددا نومىدا بايان قىلىنغان. بۇ نوم مىلادى 4- ئەسىردە تۇرپاندا خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان.)**

**... ساكيامۇنى ماگاتا دۆلىتىنىڭ راجاگىرخا شەھىرىدىكى بىر بامبۇكزارلىقتا بارگاھ قۇرۇپ بۇددىزمنى تەرغىپ قىلىۋاتقان يىللاردا، كوشالا دۆلىتىنىڭ ۋەزىرى سۇداتتا دېگەن باي 'غېرىپ-غۇرۇبا، يېتىم-يېسىر، تۇل- قېرىلارنىڭ غەمگۇزارى' دەپ نام قازانغان ئىكەن. ئۇ، ساكيامۇنىنىڭ بۇ ئەلدە بۇددىزمنى تەرغىپ قىلىش ئۈچۈن كۈندە 120 چاقىرىم يول ماڭىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭغا شەھەر ئىچىدىن باغ-زېمىن سېتىۋېلىپ، ساراي سالدۇرۇپ بېرىشنى ئويلاپتۇ.**



**بۇ رەسىم 8-غاردا**

**ساكيامۇنىغا ساراي سالغۇزۇش ئۈچۈن بىر شاھزادىنىڭ زېمىنى مۇۋاپىق كېلىدىكەن. سۇداتتا باي شۇ زېمىننى سېتىۋالماقچى بولۇپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭغا 'باغنىڭ ئورنىغا ئالتۇن ياتقۇزۇپ چىقىڭ، باغنىڭ باھاسى شۇ ' دەپتۇ. سۇداتتا باي بۇ باھانى قوبۇل قىلىپتۇ.**

**شاھزادىنىڭ بۇنداق ياخشى زېمىننى زامانىنىڭ قەلەندەرلىرى بولغان راھىپلارغا بېرىشكە رايى يوق ئىكەن، ئەمما گېپىدىن يانالماي قاپتۇ.**

**ئەينى زاماندا 'ئالتە مەزھەپ' دەپ ئاتالغان بۇددىزمغا قارشى تۇرىدىغان بىر خىل خىلاپەتچى كۈچلار بار ئىكەن. ئۇلار ھەربىي كۈچى ۋە مال-دۇنيا جەھەتلەردە راھىپلاردىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىكەن. شاھزادە 'ئالتە مەزھەپ' نىڭ كۈچى بىلەن راھىپلارنى قورقۇتۇپ قاچۇرماقچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ باشلىقنى تېپىپ سۆزلىشىپتۇ.**

**'ئالتە مەزھەپ' راھىپلارغا كارامىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن مۇسابىقە ئېلان قىپتۇ. ئۇلاردىن رادۇكشا دېگەن كىشى، راھىپلاردىن شارى بۇترا دېگەن كىشى مۇسابىقىغا چۈشمەكچى بوپتۇ. مۇسابىقە باشلىنىپتۇ.**

**رادۇكشا ناھايىتى ھەيۋەتلىك، چەبدەس، مۆڭگۈزى ئۈچلۈق بىر ئۆكۈزگە ئايلىنىپ، يىراقتىن ئېتىلىپ كەپتۇ. شارى بۇترا بولسا بىر مەغرۇر شىرغا ئايلىنىپ، ئۇمۇ يىراقتىن ئالدىرىماي مېڭىپ كېلىپ، ئالدى پۇتى بىلەن ئۆكۈزگە پەنجە قويۇپتۇ....**

**مۇسابىقە كۆرۈپ، غالىب بىلەن مەغلۇبقا ھۆكۈم چىقارغىلى كەلگەن خان راھىپلارنىڭ غەلىبىسنى تەبرىكلەپتۇ ۋە ساكيامۇنىنى شەھەرگە تەكلىپ قىپتۇ. شەھەردە 18 مىڭ ئادەم ساكيامۇنىنىڭ تەرغىباتىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي راھىپلار ئۈچۈن سېلىنغان سارايمۇ پۈتۈپتۇ.**

# 30. رەسسام

**(بۇ ھېكايە <ساميۇكتا ئاۋادانا> دېگەن خەلق ماقال- تەمسىللىرى توپلانغان نومدا. بۇ نوم مىلادى 25-يىلدىن 405- يىلىغىچە خىتايچىغا بىر نەچچە قېتىم تەرجىمە قىلىنغان. ھەر بىر نۇسخىدا ھېكايە تېكىستىدە ئاز-تولا پەرق بار. مەن بۇ ھېكايىنى پروفېسسور جىشەنلىن توخرىچىدىن تەرجىمە قىلىپ 1947-يىلى 7-ئاينىڭ 2- كۈنى <داگوڭباۋ> گېزىتىدە ئېلان قىلغان نۇسخا ئاساسىدا تەييارلىدىم.)**

**ئوتتۇرا ئەنەتكەكلىك (ئوتتۇرا ھىندىستانلىق) بىر مەشھۇر رەسسام بار ئىكەن، ئۇ باشقا بىر ئەلگە كەلگەندە، ئۇ ئەلدىكى بىر مەشھۇر ھەيكەلتاراچ ئۇنى ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كېلىپ قونۇپ قېلىشقا تەكلىپ قىپتۇ.**

**ھەيكەلتاراچ ئۆزى ياغاچتىن ياسىغان بىر 'قونچاق قىز'نى چىرايلىق كىيىندۈرۈپ- ياساپ مېھماننىڭ خىزمىتىگە قويۇپتۇ. رەسسام بۇ 'ئۇماق قىز'غا 'يېنىمغا كېلىڭ' دەپ تەكلىپ قويۇپتۇ. قىز ئېپادە بىلدۈرمەپتۇ. رەسسام ئۇنى قارشىلىق بىلدۈرمىدى دەپ چۈشىنىپ، 'ئۇماق قىز'نى تارتىپ كارۋاتقا چىقارماقچى بولۇپتۇ ...... 'ئۇماق قىز'نىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ، پۇت-قوللىرى ئاجراپ كېتىپتۇ. رەسسام ئۇنىڭ قونچاق ئىكانلىكىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ ئادەم بىلەن قونچاقنى پەرق ئېتەلمەي قىلىپ قويغان ئىشىدىن قاتتىق خىجىل بوپتۇ. 'ئەمدى جامائەت ئالدىدا كۈلكىگە قالىدىغان بولدۇم' دەپ ئويلاپتۇ-دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا ئۆزىنىڭ رەسمىنى 'ئېسىلىپ ئۆلىۋالغان' قىلىپ سىزىپ چىقىپتۇ.**

**ساھىپخان ھەيكەلتاراچ ئەتىسى ئەتىگەندە مېھماننى يوقلىغىلى كېلىپ، ئىشىكنى ئېچىپتىكەن، مېھماننىڭ 'ئېسىلىپ ئۆلىۋالغان'لىقىنى ۋە قونچاق قىزنىڭ يەردە**

**ياتقانلىقنى كۆرۈپ، بۇ ئۆلۈمنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپتۇ-دە، ئۆزىنىڭ غەلىبە قازانغانلىقىدىن مەمنۇن بوپتۇ.**



**بۇ رەسىمنىڭ ئەسلى نۇسخىسى گېرمانىيىدە**

**ھەيكەلتاراچ ئۆزىنىڭ ئېزىز مېھمىنى بولغان مەشھۇر رەسسامنىڭ 'ئۆلۈم' خەۋىرىنى خانغا مەلۇم قىپتۇ. خاننىڭ ئادەملىرى يېتىپ كەلگۈچە رەسسامنى ئېسىلىشۇالغان ئاغامچىدىن چۈشۈرۈپ تۇرماقچى بولۇپ، پالتىسى بىلەن ئاغامچىنى چاپقان ئىكەن، پالتا تەگكەن يەردىن بىر پارچە كاكىل لاي چۈشۈپتۇ.**

**-سىز مېنىڭ رەسسىمىنى چاپتىڭىز، -دەپتۇ ئىشكىنىڭ كەينىگە مۆكۈپ تۇرغان يۇقۇرى ماھارەتلىك رەسسام ئۆزىنى ئاشكارىلاپ. بۇ چاغدا ، ھەيكەلتاراچ ئۆزىنىڭ ئادەم بىلەن رەسىمنى پەرقلەندۈرۈلمىگەنلىكىدىن قاتتىق خىجىل بولۇپتۇ. بۇ يۇقۇرى ماھارەتلىك ئىككى مەشھۇر كىشى ھەر ئىككىسى مەھارىتىنى تېخىمۇ يۇقۇرى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلۇغ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.**

# 31. پىل كۆندۈرۈش

**(بۇ ھېكايە مىلادى 3-ئەسىردە قەدىمقى ھىندىستاندا بىر تاش ئابىدىگە ئويۇلغان ئىكەن، ئۇ رەسىمنىڭ فوتو كوپىسى چاڭرېنشا ئەپەندىنىڭ <بۇددىزم ھېكايىلىرىدىن تاللانما> دېگەن كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن.)**

**... جاندرا پراپاسا ئىسىملىك بىر خان بار ئەن، ئۇ ئۆزى بىر پىل باققان ئىكەن. ئۇنى مىنىككە كۆندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزى مىنىپ سىرتقا چىقىپتۇ. كۆندۈرۈلۈپ بولغان ئۇ پىل يولدا بىر چىشى پىلنى كۆرۈپلا، ئۇنى قوغلاپ كېتىپتۇ. پىلغا مىنىۋالغان خان جامائەت ئالدىدا كۈلكىگە قاپتۇ.**



بۇ رەسىم 14-غاردا

خان شۇنىڭدىن كېيىن پىلنى قايتىدىن كۆندۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇنى كۆندۈرۈش جەريانىدا بىر مۇنچە رەھىمسىز چارىلارنىمۇ قوللىنىپتۇ، ئەمما ئۇ پىل خان ئارزۇ قىلغاندەك گەپ ئاڭلايدىغان، ئادەم تەبىئەتلىك پىل بولۇپ چىقماي، يەنىلا ھايۋان تەبىئىتىنى ئۆزگەرتمەپتۇ.

# 32. چىپار بۇغا

**(بۇ ھېكايىنى ساكيامۇنى ئۆزى شاگىرتلىرىغا سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن. بۇ ھېكايىنىڭ مىلادى 222-280-يىللاردا توخرىچىدىن خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى بار.)**

**بۇرۇنقى زاماندا بىر چىپار بۇغا بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ تۈكلىرى بىر دەم ئۇنداق، بىردەم بۇنداق ئوخشىمىغان رەڭگە ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. ئادەتتە كىشىلەر ئۇنىڭدىكى رەڭلەردىن ئاران توققۇز خىلنى پەرق ئېتەلەيدىكەن.**



**بۇ رەسىم 17-غاردا**

**بىر كۈنى، چىپار بۇغا گاڭگا دەرياسى بويىدا ئوتلاۋاتقاندا، دەريا سۈيى  بىر ئادەمنى ئېقىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ –دە، دەرھال سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ ، ئېقىپ كېلىۋاتقان ئادەمنى دۈمبىسىگە يۈدۈپ قىرغاققا ئېلىپ چىقىپتۇ.**

**خەتەردىن قۇتۇلغان ئادەم چىپار بۇغىغا تەشەككۈر ئېيتىپتۇ ۋە ئۆزىدىن قانداق ۋاپا تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.**

**-ئىسسىقىزدە تۇتۇڭكى،-دەپتۇ چىپار بۇغا،- مىنىڭ ئەھۋالىمنى ئادەملەرگە سۆزلەپ بەرمەڭ، مىنىڭ تېرەم چىرايلىق، گۆشۈم تاتلىق، مۈڭگۈزۈم ئەتىۋالىق، ئادەملەرنىڭ نەپسى يامان، ماڭا قەس قىلىدۇ.**

**-دېگىنىڭىزنى چۇقۇم بىجا كەلتۈرىمەن،- دەپ ۋەدە بېرىپتۇ قۇتقۇزۇلغان ئادەم.**

**'كىمكى چىپار بۇغىنى تۇتۇپ كەلسە، ئۆي-زېمىن ۋە گۈزەل قىز ئىنئام بېرىلىدۇ' دەپ يارلىق ئېلان چىقىرىپتۇ شۇ ئەلنىڭ خانى پۈتۈن پۇقرالىرىغا. چۈنكى خانىش چۈشىدە تېرىسى چىرايلىق بىر چىپار بۇغىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى تۇتقۇزۇپ كېلىپ تېرىسىدە كىيىم قىلدۇرۇپ كىيىشنى ئويلىغان ئىكەن.**

**چىپار بۇغا قۇتقازغان ئادەم  كەلگۈسى دۇنيا ئۈچۈن ساۋاپلىق توپلىماي، بۇ دۇنيادا خاندىن ئىنئام ئېلىپ، پۇل-مال تېپىپ راھەت-پاراغەتتە ياشاشنى ئويلاپ، خاننى چىپار بۇغا بار جايغا باشلاپ بېرىپتۇ. ئۇ چىپار بۇغا ياشايدىغان ئورۇننى كۆرسەتكەن ۋاقىتتا،  ئۇنىڭ چىپار بۇغا  تۇرىدىغان جايىنى كۆرسەتكەن بىر  قولى خۇددە ئىتتىك قىلىچ بىلەن كەسكەندەك دەرھال مۈرىسىدىن ئاجراپ يەرگە چۈشۈپتۇ.**

**خان بۇ ھادىسىگە ئاساسەن چىپار بۇغىنىڭ تەڭرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا تەڭلىگەن ئوقيانى دەرھال ھېلىقى ئادەمگە تەڭلەپتۇ.  بۇ چاغدا، چىپار بۇغا ئۆلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپتۇ.**

**-بۇنداق ۋاپاسىز ئادەمنى جازالاپ ئاۋارە بولماڭ،ئۇ ئۆزىنىڭ جازاسىنى ئۆزى تاپسۇن،-دەپتۇ چىپار بۇغا،- قانداق تەلىپىڭىز بولسا ماڭا دەڭ!**

**خان بۇ ۋەقەدىن تەسىرلىنىپ، پۈتۈن ئەلگە بۇغىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەس-لىك توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.**

# 33. مايمۇننىڭ خانغا ياردەملىشىپ خانىشنى ئېزدىشىپ بېرىشى

**(بۇ ھېكايە ئىنسانىيەتتىكى ئازاپ دېڭىزىدىن قۇتۇلۇپ قىرغاقتا چىقىش ھەققىدە سۆزلىنىدىغان <پارامىتا سۇترا> دېگەن نومدا بايان قىلىنغان. بۇ نومنىڭ مىلادى 252- يىلى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى بار.)**

**بىر خان بار ئىكەن، ئۇ ئادالەتپەرۋەر ئىكەن. خەلق ئۇنىڭدىن رازى ئىكەن. لېكىن ئۇنىڭ باشقا ئەلدە خان بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر تاغىسى قارا نىيەت زالىم ئىكەن. ئۇ، جىيەنىنىڭ دۆلىتىگە ھەرخىل بانا تېپىپ ئۇچتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغاپ پاراكەندىچىلىك سالىدىكەن.**

**بىركۈنى، تاغا خان جىيەنىنىڭ دۆلىتىگە يەنە ھۇجۇم قىپتۇ. جىيەنى ئادالەتپەرۋەر خان ئۇرۇش بولۇپ قالسا ھەر ئىككى تەرەپتىن كۆپ ئادەم ئۆلۈپ ، يارىلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇرۇش قىلماسلىقنى قارار قىلىپ، ئۆزى دۆلەتنى تاشلاپ، خانىشنى ئېلىپ ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپتۇ.**



بۇ رەسىم 17-غاردا

**ئورمانلىقتا تۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئادالەتپەتۋەر خان بىر كۈنى ئۆزى مېۋە تەرگىلى كەتكەندە، ئالۋاستىلار نىيىتىنى بۇزۇپ خانىشنى بۇلاپ ئېلىپ قېچىپتۇ.**

**خان ئوقيانى قولىغا ئېلىپ، خانىشنى ئىزلەپ مېڭىپتۇ. بىر سۈزۈك بۇلاق بويىغا كەلگەندە ، ئۇ يەردە يىغلاپ-دادلىنىپ ئولتۇرغان بىر مايمۇننى كۆرۈپتۇ. ئۇ ، تاغا خان تەرىپىدىن ئۆز يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان مايمۇن پادىشاھى ئىكەن. ئادالەتپەرۋەر خان بۇ مايمۇن پادىشاھىنىڭ ئۆز يۇرتىنى قايتۇرۇپ ئېلىشىغا ياردەملىشىپتۇ. بۇ مايمۇن پادىشاھى تەشەككۇر ئىپادىلەش ئۈچۈن ئادالەتپەرۋەر خاننىڭ خانىشنى تېپىشقا ياردەملىشىپتۇ.**

ئۇلار ئەتراپتىكى ھەممە جايىنى ئىزلەپتۇ، خانىشنىڭ دېرىكىنى ئالالماپتۇ. بىر قۇش ئۇلارغا ئۇچۇر يەتكۈزۈپ 'خانىشنى ئەجدىھار دېڭىزدىكى بىر ئارالغا قاماپ قويىدى' دەپتۇ.

ئادالەتپەرۋەر خان مايمۇنلار بىلەن بىللە دېڭىز بويىغا كەپتۇ. بۇ بىپايان دېڭىزدىن قانداق ئۆتۈش كېرەك؟ بۇ ھەقتە مايمۇن پادىشاھنىڭ پۇقرالىرى ھەرخىل پىلان-ئېقىل كۆرسىتىپتۇ. بىر قوتۇر مايمۇن ئوتتۇرىغا قويىغا پىلان قوبۇل قىلىنىپتۇ.

پىلان بويىچە، ھەر بىر مايمۇن قولىغا تاش ئېلىپ دېڭىزغا تاشلاپ، بىر يول ياساپ چىقىپتۇ. ئۇلار شۇ يول بىلەن دېڭىزغا كېرىپ، ئەجدىھار خانىشنى قاماپ قويغان ئارالنى مۇھاسىرىگە ئېلىپتۇ.

ئەجدىھار سېھىر ئىشلىتىپتۇ: ئەتراپنى ئاچچىق گاز قاپلاپ كېتىپتۇ، مايمۇنلار ماغدۇرسىزلىنىپتۇ. ھېلىقى قوتۇر مايمۇن يېنىدىن 'پەرەشتە دورىسى'نى چىقىرىپ خانغا ۋە مايمۇنلارغا پۈرۈتۈپ قويغان ئىكەن، ئۇلار ھەممىسى بىردىن ئەپشەپ قايتىدىن ماغدۇرلىنىپتۇ.

ئەجدىھار يەنە سېھىر ئىشلىتىپتۇ: ئالەمنى بۇلۇت قاپلاپ، چاقماق چېقىپ، شارقىراپ يامغۇر يېغىپتۇ.

-ئەمدى ئوقنى ئاتسىلا، -دەپتۇ قوتۇر مايمۇن ئادالەتپەرۋەر خانغا. خان ساداق تارتىپ، بۇلۇتقا قارىتىپ ئوق ئۈزۈپتۇ. ئەجدىھار يارىلىنىپ دېڭىزغا چۈشۈپتۇ. مايمۇنلار دېڭىزدىكى ئەجدىھار دەرۋازىسىنى ئېچىپ خىنىشنى قۇتقۇزۇپ چىقىپتۇ. دەل مۇشۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە خانىنىڭ تاغىسى ئۆلۈپتۇ. ئىككى ئەلنىڭ خەلقى پۈتۈنلەي ئادالەتپەرۋەر خانغا قاراشلىق بوپتۇ، بۇ چوڭ ئەلدە جاھالەت تۈگەپ، قايتىدىن سائادەت باشلىنىپتۇ.

-ئايال كىشى ئېرىدىن بىر كۈن ئايرىلىپ قالسا گۇمان تۇغۇلىدۇ،- دەپتۇ ئادالەتپەرۋەر خان خانىشقا،- سەن ئەجدىھارنىڭ دەرگاھىدا ئون نەچچە كۈن قالدىڭ، قائىدىمىز بويىچە سەن ئاناڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرغىن .

-مەن،- دەپتۇ خانىش،- پاتقاقتىن ئۈنۈپ چىققان، لېكىن بەدىنىگە پاتقاق يۇقتۇرمىغان نىلۇپەر گۈللىدەك پاك. بۇ گېپىمنىڭ راسلىقى ئۈچۈن ھازىرلا يەر يېرىلغاي!

بۇ چاغدا، يەردىن بىر يوچۇق پەيدا بولۇپتۇ، ئادالەتپەرۋەر خان خانىشنىڭ پاكلىقىغا ئىشىنىپتۇ.

# 34. دېڭىز سۈيىنى چىقىرىپ تاشلاپ گوھەر سۈزۈش

(بۇ ھېكايە بۇددانىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ھېكايەقىلىنىدىغان <بۇددا جارىتا سۇترا> دېگەن نومدا بايان قىلىنغان. بۇ نومنىڭ مىلادى 687- يىلى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى بار.)

بىر ئېقىللىق شاھزادە بار ئىكەن، ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا 'پۈتۈن ئالەمگە سەدىقە ياغدۇرۇپ، بارچە جانلىقنى راھەت-پاراغەتكە ئېرىشتۈرىمەن' دەپ قەسەم قىلغان ئىكەن. دادىسى ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدىكەن ۋە شاھزادىغا 'گەرچە ھازىر مىنىڭ

بايلىقىم كۆپ بولسىمۇ، ئەمما دېڭىزدىن 7 خىل گوھەرنى تېپىپ كېلەلىسەك، ئاندىن بۇ بايلىق بىلەن بارچە جانلىقنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغىلى بولىدۇ' دەپتۇ.

شاھزادە دادىسىنىڭ سۆزىنى ئەستە تۇتۇپ، گوھەر تاپقىلى دېڭىزغا مېڭىپتۇ. مىڭ مۇشەققەتتە 7 خىل گوھەرنى تېپىپتۇ، تاپقان گوھەرلەرنى باشقا كىشىلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئوردىغا ئەۋەتىپتۇ. ئۆزى بولسا دېڭىزغا ئىچكىرىلەپ مېڭىپ، ئەجدىھار خانىنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. ئەجدىھار خانى شاھزادىنىڭ گوھەر ئىزلەش روھىدىن تەسىرلىنىپ، ئوردىدىكى ئاق گوھەرنىمۇ بېرىپتۇ. بۇ گوھەر 20 چاقىرىم ئارىلىقتىكى گوھەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ كېلەلەيدىكەن.



بۇ رەسىم 14-غاردا

شاھزادە دېڭىزدا ئەينەك شەھەر، خرۇستال شەھەر، كۈمۈش شەھەر، ئالتۇن شەھەر دېگەن موجىزىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپتۇ، ئۇنىڭ ھەر بىرىدىن بىردىن جەمئى 4

**دانە ئاي گوھەر ئېلىپ مېڭىپتۇ.**

**دېڭىزدا گوھەر كۆپ، ئەمما ئاي گوھەردەك قىممەتلىك گوھەر ئىنتايىن ئاز ئىكەن، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، دېڭىز ئىلاھلىرى بۇ ئاي گوھەرلەرنىڭ قۇرۇقلىققا ئېلىپ كېتىلىشىگە نارازى بولۇشقان ئىكەن.**

**شاھزادە قىرغاققا چىقىپ بولغاندا، دېڭىز ئىلاھلىرىدىن بىرسى ئادەم سىياقىغا كىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، گوھەرلەرنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىپتۇ. شاھزادە قولىدىكى گوھەرلەرنى كۆرسەتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ قولىدىكى گوھەرلەرنىڭ ھەممىسى دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.**

**شاھزادە ئاي گوھەرلەرنى دېڭىزدىن قايتىدىن سۈزۈۋېلىشقا بەل باغلاپ 'مەن سانسىز قېتىم دۇنياغا كەلدىم، - دەپ تولۇق ئىشەنچە بىلەن خىتاپ قىپتۇ،- بۇرۇنقى سۆڭەكلىرىم دۆۋىلەنسە سۇمېر تېغىدەك بولىدۇ، ئاققان قانلىرىم يىغىلسا، تۆت دېڭىز بولىدۇ، مەن ئاشۇنداق كۆپ قان – سۆڭەكلەردىن تۆرەلگەن، شۇڭلاشقا ئىرادەم شۇنچە چوڭ، مۇشۇ بىر دېڭىزنىڭ سۈيىنى چىقىرالماسمەنمۇ؟ ...**

**شاھزادە قولىغا بىر تاۋاق ئېلىپ، دېڭىز سۈيىنى چىقىرىشقا باشلاپتۇ. 14-كۈنى ، ئەرشتىن تەڭرىلەر ئۈچۈپ چۈشۈپ ياردەملىشىپتۇ. دېڭىز سۈيىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى چىقىرىلىپ بولاي دېگەندە، دېڭىز ئىلاھلىرى بۇنداق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ئۆزلىرى ئۈچۈن ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاي گوھەرلەرنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.**

**شاھزادە دېڭىزدىن ئەكەلگەن گوھەرلەر بىلەن دۆلەت خەزىنىسىنى تولۇقلاپ، پۈتۈن خەلقى- ئالەمگە سەدىقە قىلىشقا باشلاپتۇ. بىر نەچچە يىل ئىچىدە بارچە جانلىق راھەت-پاراغەتكە ئېرىشىپتۇ.**

# 35. سېخى شاھزادە

**(بۇ ھېكايە بۇددىساتتۋالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدە سۆزلىنىدىغان <كشاماكارا بۇددىساتتۋا سۇترا> دېگەن نومدا بايان قىلىنغان. بۇ نومنىڭ مىلادى 222-280 – يىللاردا خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى بار.)**

**بۇرۇنىسىدا، شۋا ئىسىملىك بىر خان ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ ئەلنى بۇددىزىم قانۇنى بۇيىچە ئىدارە قىلغاچقا دۆلەت قۇدرەتلىك، خەلق باياشات بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ شاھزادىسى كىچىكىدىن تارتىپلا سەدىقە – ساخاۋەت قىلىشقا ئامراق ئىكەن. ئۇنى خەلق ياخشى كۆرىدىكەن.**



**بۇ رەسىم 17-غاردا**

**بىر كۈنى، شاھزادە سەيلىگە چىقىپتۇ. تەڭرىلەر قارىغۇ، گاس، گاچا، ئاقساق، چولاق قىياپىتىگە كىرىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ، خىلمۇ-خىل تەلەپ – ئىلتىجالىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. شاھزادە سەيلىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كەڭ-كۆلەمدە سەدىقە قىلىشقا باشلاپتۇ.**

**دۈشمەن ئەلدىن بىر براھمان كېلىپ، بۇ ئەلنىڭ جەڭلەردە داڭ چىقارغان ئەتىۋالىق مۈلكى بولغان ئاق پىلنى تىلەپتۇ. شاھزادە ئۇ پىلغا ئالتۇن ئىگەر توقۇپ، ئۇنى ئۆلۈك قولى بىلەن يېتىلەپ كېلىپ سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىپتۇ. خان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھۇشىدىن كېتىپتۇ. ۋەزىرلەر شاھزادىنى جازالاشنى تەلەپ قىلىپتۇ. شاھزادە قەندىھار دېگەن جايدىكى بىر تاغقا 12 يىللىق پالىنىپتۇ. مەلىكمۇ بالىسىنى ئېلىپ شاھزادە بىلەن بىللە مېڭىپتۇ. ئۇلار شەھەر سىپىلىدىن چىقىپ بولغىچە، نۇرغۇن نەرسىلىرىنى سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. شاھزادە ئۆزى ئارغىماقىقا مىنىپ، مەلىكە بولسا ئىككى بالىسى بىلەن مەپىگە ئولتۇرۇپ مېڭىپتۇ.**



**بۇ رەسىم 17-غاردا**

**يولدا بىر براھمان ئۇچراپ شاھزادىدىن مىنگەن ئارغىمىقنى تىلەپتۇ. شاھزادە ئۇنى سەدىقە قىلىپ بېرىپتۇ. مەپىگە قوشقان ئاتلارنىمۇ بىر-بىرلەپ سەدىقە قىلىپ بېرىپتۇ.**

**ئۇلار تاغقا يېتىپ كېلىپ ئىستىقامەت قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار تۇرغان جايغا يەنە بىر براھمان كېلىپ 'مېنىڭ خوتۇنۇمغا مالاي كېرەك بولۇپ قالغان ئىدى، بالىلىرىڭىزنى مالايلىققا  بەرسىڭىز' دەپتۇ.  شاھزادە ، بالىلىرىنىمۇ سەدىقە قىپتۇ. لېكىن ئىككى بالىسى  ' بىز خان ئەۋلادى، ھەرگىز مالاي بولمايمىز' دەپ ئۇنىماپتۇ. شاھزادە بالىلىرىنىڭ  قولىنى سۇدا يۇيۇپ، ئاندىن ئاغامچىدا باغلاپ براھمانغا تۇتقۇزۇپتۇ.**



**بۇ رەسىم 38-غاردا**

**مەلىكە بالىسىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا ئېلىشىپ قاپتۇ. بىر كۈنى يەنە بىر براھمان كېلىپ مەلىكىنى سەدىقە قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. شاھزادە  مەلىكىنىمۇ  براھمانغا**

سەدىقە قىلىپ بېرىپتۇ. لېكىن براھمان يەتتە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن قايتى كېلىپ، شاھزادىگە 'ھەر نەرسىنى سەدىقە قىلىسىڭىزمۇ خوتۇنىڭىزنى ھەرگىز سەدىقە قىلماڭ' دەپ مەلىكىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

# 36.خاننىڭ دەۋا سورىشى

**(بۇ ھېكايە ئاقىللىق ۋە ئاخماقلىق ھەققىدە سۆزلىنىدىغان <داماموۇكى نىدانا سۇترا> دېگەن نومدا بايان قىلىنغان. بۇ نومنىڭ مىلادى 445- يىلى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى بار.)**



**بۇ رەسىم 8-غاردا**

كوشالا دۆلىتىنىڭ ۋەزىرى سۇداتتا بۇددا راھىپلىرىغا ساراي سالدۇرۇپ بەرگەن زاماندا، بىر راھىپ بولغان ئىكەن. ئۇ يوقسۇل بولغاچقا، كۆپ ئىشلاردا خوتۇنىنىڭ تاپا-تەنىسىگە قېلىپ كۆڭلى ئارام تاپمايدىكەن. براھمانىنىڭ زىرائەتلىرى پىشىپتۇ، خامان تېپىش ئۈچۈن خوشنىسىدىن كالا سوراپتۇ. كالىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، خوشنىسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا ھەيدەپ بېرىپ، 'كالىنى ئىشلىتىپ بولدۇم، ھازىر ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بەردىم' دېگەن سۆزنى قىلمايلا قايتىپ كېتىپتۇ. خوشنىسى كالا بىلەن كارى بولماپتۇ. كالا يوقاپ كېتىپتۇ. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە، خوشنىسى كالىنى سوراپ كەپتۇ. ئۇلار گەپ تالىشىپ قاپتۇ. دەۋانى سوراتقىلى خانىنىڭ ئالدىغا مېڭىپتۇ.

يولدا بىر ئات يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئىكەن، ئات باققۇچى براھمانغا 'ئاتنى توسۇۋال' دەپ توۋلاپتۇ. براھمان دەرھال يەرگە ئېڭىشىپ، قولىغا بىر تاش ئېلىپ ئاتقا قارىتىپ ئېتىپت، تاش ئاتنىڭ پۇتىغا تېگىپ، ئاتنىڭ پۇتى سۇنۇپتۇ. ئات باققۇچى 'سەن ئاتنىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇپ قويدۇڭ، بۇ خانىنىڭ ئېتى، تۆلەيسەن' دەپ تۇرۇۋېلىپ، براھماننى سوتلاتقىلى خانىنىڭ ئالدىغا مېڭىپتۇ.

ئىككى دەۋاگەر براھماننى خانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېتىۋاتقان يولدا، بىر ئادەم پالتىسىنى ئاغزىدا چىشلەپ ئۆستەڭدىن ئۆتۈۋاتقان ئىكەن، ئۆستەڭ چوڭقۇر، سۈيى ئۇلۇغ ئىكەن. ئۇ براھمان ئۆستەڭدىن ئۆتۈۋاتقان ئادەمدىن 'كېچىك مۇشۇمۇ؟' (كېچىك= ئۆتەڭ) دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى براھماننىڭ سۇئالىغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن ئاغزىنى مىدىرلاتقان ئىكەن پالتىسى سۇغا چۈشۈپ چۆكۈپ كېتىپتۇ. ئۇ كىشى براھمانغا 'پالتامنى تۆلە' دەپ تۇرۇۋېلىپ خانغا ئەرز قىلىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ، دەۋاگەر ئۈچ بولۇپتۇ .

ئۈچ دەۋاگەر براھماننى يالاپ بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن قوساقلىرى ئېچىپ، يول بۈيىدىكى بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپتۇ. خوجايىن خانىم براھمانغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭغا ئىككى سەر مەي بېرىپتۇ. براھمان مەينى ئىچىپلا بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتۇ.

**ئۇ ئورۇندۇقتا خوجايىن خانىم بىر بوۋاقنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۈستىگە كۆرپە يېپىپ قويغان ئىكەن. براھمان مەيىنى ئېچىپ ھاياجاندا خۇدىنى يوقۇتۇپ قويۇپ، ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرغان ئىكەن، كۆرپىگە يۆگەپ قويغان بوۋاق ئۇجۇقۇپ قاپتۇ. خوجايىن خانىم 'بالامنى تۆلە' دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئۇمۇ براھماننىڭ ئۈستىدە خانغا ئەرىز قىلغىلى باشقا ئەرزدارلار بىلەن بىللە مېڭىپتۇ.**

**براھمان يولدا كېتىۋېتىپ 'بۇنچىۋالا كۆپ دەۋاگەردىن قانداق قۇتۇلغىلى بۇلار' دەپ ئويلاپتۇ، ئويلىغانسىرى ئېغىر غەم بېسىپتۇ. ئۇلار بىر تامنىڭ يېنىدىن ئۆتىۋاتقاندا، براھمان چاققانلىق بىلەن بىر سەكرەپ تامدىن ئارتىلىپ قېچىپتۇ. براھمان تامدىن سەكرىگەندە، تامنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ چىلەكتە (ئۇرچۇقتا) يىپ ئېگىرىۋاتقان بىر بوۋاي دەسسىلىپ قېلىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. بوۋاينىڭ ئوغلى 'دادامنى تۆلە' دەپ براھماننى تۇتىۋېلىپ، ئۇمۇ خانغا ئەرز قىلدىغانلار سېپىگە قوشۇلۇپ مېڭىپتۇ.**

**بەش دەۋاگەر بىللە كېتىۋاتقاندا، يولدا بىر يىلان ئۇچراپتۇ. ئۇ يىلان براھمانغا 'ئەتىگەندە ئۇۋامدىن چىققاندا بەدەنلىرىم يېنىك، ئەتلىرىم يۇمشاق، لېكىن كەچتە قايتىپ كەلسەم ئەتلىرىم قاتتىق، ھەممە يېرىم ئاغرىيدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇنى خاندىن سورىغاچ كەلگىن، دەپ تاپشۇرۇپتۇ.**

**يولدا يەنە بىر چوكان ئۇچراپتۇ، ئۇ براھمانغا 'قېيىن ئانامنىڭ ئۆيىدە تۇرىۋەرسەم ئانامنىڭ ئۆيىنى سېغىنىمەن، ئانامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىر نەچچە كۈن تۇرسام قېيىن ئانامنىڭ ئۆيىنى سېغىنىمەن، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ خاندىن سورىغاچ كەلگىن' دەپ تاپشۇرۇپتۇ.**

**يولدا يەنە بىر كاككۇك ئۇچراپتۇ، ئۇ براھمانغا 'مەلۇم بىر تۈپ دەرەختكە چىقىپ سايرىسام ئاۋازىم جاراڭلايدۇ، لېكىن باشقا دەرەختكە چىقىپ سايرىسام ئاۋازىم جاراڭلىمايدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ خاندىن سورىغاچ كەلگىن' دەپ تاپشۇرۇپتۇ.**

**داۋىگەرلەر خاننىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىر-بىرلەپ ئەرزىنى بايان قىلىشقا باشلاپتۇ. خان ھەممىسنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، براھماننىڭ ئېزھارىنى ئاڭلاپتۇ.**
**- مەن يوقسۇل ئىدىم، - دەپ ئېزھارىنى باشلاپتۇ براھمان،- كالا ئالغۇدەك پۇلۇم يوق، خوشنام ياخشى ئادەم ئىدى، ئۇنىڭدىن كالا سوراپ خامان تېپىۋالدىم، كالىنى قايتۇرۇپ بەرگىلى بارغاندا، خوتۇنىمنىڭ تاپا-تەنىسىدە بېشىم گاڭگىراپ تۇرغاچقا 'كالىنى قوللىرىغا ئالسلا ' دېگەن گەپنى قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىم راس. بىراق مەن كالىنى ئاپىرىپ بەرگەندە، خوشنام كالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن.**

**-ھەر ئىككىڭلەردە كەمچىلىك بار،-دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ خان،- 'كالىنى قوللىرىغا ئالسلا ' دېگەن گەپنى قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغان كىشىنىڭ تىلىنى كېسىشكە تېگىشلىك، خوشنىسى كالىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قوتانغا سولاپ ئالماپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆزىنى ئويۇشقا تېگىشلىك.**

**-بولدى، كالىدىن ۋاز كەچتىم، دەپتۇ خوشنىسى،- كۆزۈم ساق قالسۇن.**

**بىرىنجى دەۋا ئاياغلىشىپ، ئىككىنجى دەۋا سورالغاندا، براھمان: ئات باققۇچى ماڭا ئاتنى توسۇۋال دېگەندە، - دەپ ئېزھار قىلىشقا باشلاپتۇ براھمان،- مەن ھايۋانلارنىڭ ئالدىنى توسۇشتا ئۆزەم ئادەلەنگەن ئۇسۇل بويىچە ئىش قىلغان، قولۇمغا تاش ئېلىپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئېتىپ قورقۇتۇش ئارقىلىق ئاتنى توختۇتۇپ ئالماقچى بولدۇم، لېكىن ئاتنىڭ سۈرئىتى تېز بولغاچقا، ئاتقان تاشنىڭ زەربىسى تېخمۇ ئۆتكۈرلىشىپ كېتىپ، ئاتنىڭ پۇتى زەخىملىنىپتۇ، مەن بۇنى قەستەن قىلمىغان.**

**خاننىڭ ھۆكۈمى: خاننىڭ ئېتىغا تاش ئاتقان كىشىنىڭ قولىنى كېسىشكە تېگىشلىك، بۇ ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىغا 'ئاتنى توسۇۋال' دېگەن سۆز سەۋەپچى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ سۆزنى قىلغۇچىنىڭ تىلىنى كېسىشكە تېگىشلىك.**

-ئاتنى ئۆزەم تۆلەپ بېرەي، - دەپتۇ ئات باققۇچى،- تىلىم ساق قالسۇن.

ئۈچىنجى دەۋا سورالغاندا، براھمان ئىزھارىنى بايان قىلىپ 'مەن ياغاچچىدىن پەقەت ئۈستەڭدىن ئۆتىدىغان كېچىكىنىك نەدىلىكىنى سورىغان، ئۇنىڭدىن باشقا گەپ قىلمىغان' دەپتۇ.

خانىنىڭ ھۆكۈمى: سورالغان سۇئال قىممەت باھالىق پالتىنىڭ يۇتۇپ كېتىشىگە سەۋەپچى بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن سۇئال سورىغۇچىنىڭ تىلىنى كېسىشكە تېگىشلىك، ئەمما پالتا دېگەن قولدا تۇتىدىغان نەرسە، ئۇنى چىشىغا چىشلىتىپ قويغان ئىكەن، چىشى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ياغاچچىنىڭ چىشلىرىنى سۇغۇرۇپ تاشلاش كېرەك.

-مىنىڭ چىشلىرىم ساق قالسۇن، -دەپتۇ ياغاچچى،- ئۆزەم باشقا پالتا سېتىۋالاي.

تۆتىنچى دەۋا سورالغاندا، براھمان ئىزھارىنى بايان قىلىپ: مەن بىر نەچچە كىشى تەرىپىدىن يالاپ ئېلىپ مېڭىۋاتقان جاۋابكار ئىدىم، ئاشپۇزۇلنىڭ خوجايىنى خانىم ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ مەي بەردى. خوشلىقتا خۇدۇمنى يوقۇتۇپ قويۇپ ئورۇندۇقتا ئۆزەمنى تاشلاپتىمەن، ئۇنىڭدا ياتقۇزۇپ قويغان بوۋاق ئۆلۈپ قاپتۇ، بىراق مەندە ئۇنى بوۋاقنى ئۆلتۈرىدىغان نىيەت يوق ئىدى.

خانىنىڭ ھۆكۈمى: ئاشپۇزۇل دېگەن خېرىدارلار كېرىپ – چىقىپ تۇرىدىغان جاي، بوۋاقنى خېرىدار ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقتا ياتقۇزۇپ، ئۇنىڭغا كۆرپە يېپىپ يۆگەپ قويغانلىق مۇۋاپىق ئەمەس، خوجايىن خانىم يەنە بىر بوۋاق تۇغۇۋالغىچە براھمان ئۇنىڭغا ئەر بولسۇن.

-مەن بۇ دەۋادىن ۋاز كەچتىم،-دەپتۇ خوجايىن خانىم، - مەن ھەرگىز براھمانغا خوتۇن بولمايمەن.

**بەشىنچى دەۋا سورالغاندا، براھمان ئىنژھارنى بايان قىلىپ: مەن دەۋاگەرلەرنىڭ غەزەپكە تولغان چىرايىدىن قورقۇپ قېچىپ قۇتۇلماقچى  بولدۇم. ئەمما تام تۈۋىدە يىپ ئىگىرىۋاتقان بوۋاينى ئۆلتۈرۈپ قويۇش نىيىتىم يوق ئىدى.**

**خاننىڭ ھۆكۈمى: بالا دېگەن دادىنى تامنىڭ تۈۋىدە ئۆلتۈرغۇزۇپ قويۇپ باقماي، ئۆيدە كۆرپە سېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ باقدۇ. ئۇ بالا شۇنداق قىلمىغانلىقى ئۈچۈن دادىدىن ئايرىلىپتۇ. ئەمدى براھمان ئۇنىڭغا دادا بولسۇن.**

**-مەن بۇ دەۋادىن ۋاز كەچتىم، براھماننى دادا قىلمايمان،-دەپتۇ دەۋاگەر  بالا.**



**بۇ رەسىم 8-غاردا**

ھەممە دەۋا سورىلىپ بولۇپ براھمان ئازات قىلىنىپتۇ. بۇ چاغدا ئىككى ئايال داد-پەرياد ئېيتىپ خاننىڭ ئالدىغا كەپتۇ. دەۋاگەرنىڭ ئىككىلىسى 'بۇ بالا مېنىڭ بالام' دەيدىكەن.

خان ئۇلارغا 'بالىنى چات ئارىسىدىن يىرىپ ئىككىگە پارچىلاپ ئېلىپ كېتىڭلار' دەپتۇ. دەۋاگەرنىڭ بىرسى بالىنى ئىككىگە پارچىلاشقا ئۇنىماپتۇ. بۇ چاغدا خان 'بالىنى چات ئارىسىدىن يىرىپ پارچىلاشقا چىدىمىغان ئايال بالىنىڭ ئانىسى، يەنە بىرى ئۆكتەم' دەپ ھۆكۈم چىقىرىپتۇ.

دەۋالارنىڭ ھەممىسى سورىلىپ بولغاندىن كېيىن، براھمان يولدا يىلان، چوكان، كاككۇكلار تاپشۇرغان گەپلەرنى خانغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

خان مۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ: يىلان ئەتىگەندە ئۇۋىسىدىن چىققاندا كۆڭلىدە ئىچ پۇشۇقى يوق، بەدەنلىرى بەھۇزۇر تۇرغان، لېكىن بىر كۈن سىرتتا يۈرۈپ باشقا ھايۋانلار بىلەن خىرىس قىلىشىپ، ئۆزىگە ئىچ پۇشۇقى تېپىۋالغان، شۇڭا بەدەنلىرى قاتتىق بولۇپ قالغان. ئېيتىپ قويغىن، ئۇ ھەرگىز نىيىتىنى يامان قىلمىسۇن.

-ئەمدى ھېلىقى چوكانغا كېلەيلى،- دەپتۇ خان،- ئۇ چوكاننىڭ ئانىسىنىڭ مەھەللىسىدە سۆيگىنى بار، شۇڭا قېيىن ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغاندا ئانىسىنىڭ ئۆيىنى سېغىنىدۇ. ئۇ يەردە ئارزۇلىرى قېنىپ بولغاندا، يەنە ئېرىنى سېغىنىپ قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغىن، كۆڭلىنى توختاتسۇن.

خان ئەڭ ئاخىرىدا براھمانغا مۇنداق دەپتۇ: كاككۇك سايرىغاندا ئاۋازى جاراڭلىغان يەردىكى دەرەختنىڭ تېگىدە ئالتۇن بار، بۇ ئالتۇن ئەسلىدە ماڭا تەئەللۇق ئىدى، ئەمما ھازىر سەن يوقسۇل ئىكەنسەن، بېرىپ شۇ يەردىكى ئالتۇننى كولاپ ئېلىۋالغىن، خوتۇنىڭنىڭ تاپا – تەنىسى تۈگەيدۇ.

# 37. دېڭىزغا كىرىپ گوھەر ئىزدەش

**(بۇ ھېكايە بۇددالارنىڭ يارلىمىشى تەپسىر قىلىنىدىغان <جاتاكا سۇترا> دېگەن بۇددا نومىدا بايان قىلىنغان. بۇ نومنىڭ مىلادى 222- 316- يىللاردا خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى بار.)**

**رىۋايەت قىلىنىشچە، بۇ ھېكايىنى ساكيامۇنى ئۆز تىلىدىن بايان قىلغان ئىكەن:**
**بۇرۇنقى كالپىلاردا** ('كالىپ' سانسكرىتچە 'كالپا' دەپ يېزىلىدۇ، ئۇيغۇرچىغا 'كالىپ' دەپ قوبۇل قىلىنغان، مەنىسى 'دەۋر' ياكى 'زامان') **ئىنسانلار يوقسۇللۇق-غۇرۇبەتچىلىككە قالغاندا، مەن ئۇلارنى قانداق قىلىپ باياشاتلىققا چىقىرىشنىڭ ئامالىنى ئويلىغان ئىدىم. شۇ زاماندا پەقەت دېڭىزغا بېرىپ گوھەر تېپىپ كېلىشتىن ئۆزگە ياخشى ئامال يوق ئىدى. شۇڭلاشقا مەن قولۇمغا تاكىلاڭ** (كىچىك قول دۇمبىقى)**نى ئېلىپ، ئەيۇھانناس قىچقىرىپ، گوھەر ئىزدەشكە جۈرئەت قىلىدىغانلارنى توپلىدىم.**

**دېڭىزغا بېرىش خەتەرلىك، ئاتا-ئانا، خوتۇن-بالىلىرىدىن رازىلىق ئېلىپ، ئاندىن جاننى تىكىپ قويۇپ ماڭىدىغان ئىش ئىدى. ...**

**قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلەردىن بەش يۈز كىشى يىغىلدى. بىز كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ دېڭىزغا كىرىپ كەتتۇق. ئەجدىھار پادىشاھى بىزگە گوھەرنى بەردى. لېكىن دېڭىز مۇئەككەللىرى بۇنداق ئەتىۋارلىق نەرسىنى ئادىمىزاتقا بېرىشكە رازى بولۇشمىغان ئىدى. بىز گوھەرنى ئېلىپ قىرغاققا چىققاندا، بويىنۇمغا ئېسىۋالغان گوھەر تۇساتتىن دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى.**

**بىز گوھەرنى قايتىدىن سۈزۈۋېلىشقا بەل باغلىدۇق، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەتتا دېڭىز سۈيىنى تامامەن تارتىپ چىقىرىشقىمۇ بەل باغلىدۇق. ئاخىر دېڭىز ئىلاھلىرى بىزگە رەھىمى قىلدى. گوھەرنى ئېلىپ كەلدۇق.**



**بۇ رەسىم 14-غاردا**

**ئەرشتىكى تەڭرىلەر ۋە زېمىندىكى ھەممە جانلىق بىزنى تەبرىكلىدى. مەن شۇ ۋاقىتتا سەپەرگە چىققانلارنىڭ يېتەكچىسى ئىدىم. شۇ ۋاقىتتا ماڭا ئەگەشكەن بەش يۈز سودىگەرنىڭ جېنى ھازىر ماڭا ئەگىشىۋاتقان بەش يۈز راھىپنىڭ تېنىدە تۇرماقتا....**

# 38. جەڭ ئاتلىرىنى جوۋازغا قوشۇش

**(بۇ ھېكايە بۇددا دىنىنىڭ 'ماھايانا' (چوڭ يول) مەزھىپى ھەققىدىكى <سۇترا لاڭكارا شاستىر> دېگەن نومدا بايان قىلىنغان. بۇ نومنىڭ كۇسەنلىك بۇددىزىم ئۇستازى كۇماراجىۋا مىلادى 405- يىلى خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى بار.)**

**قەدىمدا زاماندا، بىر قۇدرەتلىك دۆلەت بار ئىكەن، ئۇنىڭ جەڭ ئاتلىرى ناھايىتى خىل ئىكەن. خوشنا ئەللەرنىڭ ھېچقايسى بۇ دۆلەتكە ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىكەن. كېيىن، بۇ ئەلنىڭ خانى 'دۆلىتىمىزدە بۇنىڭدىن بۇرۇن جەڭ ئېتىنى بېقىش دۈشمەندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ئىدى. ئەمدى ۋەزىيەت ئۆزگەردى، ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ھېچكىم بىرگە ھۇجۇم قىلالمايدۇ، ئەمدى بۇ قەدەر كۆپ جەڭ ئېتىنى بېقىۋەرمەي، ئۇنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشىم كېرەك' دەپ ئويلاپ، جەڭ ئاتلىرىنى پۇقرالارغا تەقسىم قىلىپ بېرىش توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. پۇقرالار جەڭ ئاتلىرىنى ئېلىپ كېتىپ ، ئۇن جوۋازغا قوشۇشقا باشلاپتۇ.**

**بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان خوشنا ئەلنىڭ خانى ئۇچتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغاپتۇ. بۇ قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ خانى جەڭ ئاتلىرىنى پۇقرالاردىن قايتۇرۇپ ئېلىپ، قايتىدىن چەۋەندازلار قوشۇنى تەشكىللەپ قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ.**



بۇ رەسىم 17-غاردا

بۇ دۆلەتنىڭ بۇرۇنقى جەڭ ئاتلىرى ئۇزۇن يىل جەڭگە كىرمەي، ئاللىقاچان بىر جايدا ئايلىنىپ جوۋاز تارتىشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئىكەن. قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتكەن چەۋەندازلار ئاتلىرىنى ھەر قانچە قامچىلىسىمۇ، جوۋاز تارتىشقا ئادەتلىنىپ قالغان جەڭ ئاتلىرى چاپماي بىر جايدا چۆگىلەپ تۇرۇۋالىدىكەن. نەتىجىدە بۇ قۇدرەتلىك دۆلەت جەڭدە ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپتۇ.

# بۇددىزم ئىمارەتچىلىكى

قىزىل مىڭئۆي غارلىرى چوكمە جىسىملاردىن ھاسىل بولغان تاغ باغرىدىكى يارداڭلىقتا قىيانى تېشىپ - قېزىپ بىنا قىلىنغان قەدىمقى ئىمارەت. غارلار سىرتتىن قارىسا ⊓ شەكىللىك، ئەمما ئۇنىڭ ئىچكى ھەر خىل، بەزىلىرى تۆت بۇرجەك، بەزىلىرى سوزۇنچاق، بەزىلىرى يۇمۇلاق قەپەز (گۈمبەز) شەكىللىك. بۇنداق ئىمارەتنىڭ ئېغىرلىق كۆتۈرۈش، سىغىم ئىقتىدارى يۇقۇرى. يەنە بىر ئەۋزەللىكى شۇكى، غارلارنىڭ ئىچى يازدا سالقىن قىشتا ئىسسىق.

غارلارنىڭ تېمىغا رەسىم سىزىش ئۈچۈن، قەدىمقى بىناكار- ئۇستىلار مەقسەتلىك ھالدا تامنى چوقۇلاپ قوتۇر قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر قەۋەت لاي چاپلاپ، سۇۋاپ، سىلىق قىلىپ تەييارلىغان. رەسساملار ئۇنىڭغا بۇددىزم ھېكايىلىرىنى سىزغان، سىزغان رەسىملىرىنى يەنە ھەر خىل گۈزەل نۇسخىلىرى بىلەن بېزىگەن.

قىزىل مىڭئۆيگە سىزىلغان رەسىملەرنىڭ بېزەكلىرى ئىجابىي ئوبرازلارنىڭ تەسرىنى كۈچەيتىش، ئىجابىي ئوبرازلارنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ كۆرسىتىش، سەلبىي ئوبرازلارنىڭ قەبىھلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش رولىنى ئوينىغان.

قەدىمقى كىشىلەر رەسساملىرى قانداق ئەھۋالدا ئىسسىق-يېقىملىق بوياق قوللۇنۇش ، قانداق ئەھۋالدا سوغۇق-يېقىمسىز بوياق قوللۇنۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەينى زاماندا قوللىنىلغان بېزەكلەرنىڭ كۆپۈنچىسى ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيتى دەۋرىدىمۇ يەنىلا داۋاملىق قوللىنىلغان .













# خاتىمە

**كۇسەن دۆلىتى مىلادىيىدىن بۇرۇنلا، تارىم ئويمانلىقىدىكى باشقا شەھەر دۆلەتلىرىگە ئوخشاش ھون تەڭرىقۇتى ھاكىمىيىتىگە قارايدىغان شەھەر دۆلىتى ئىدى.***

* خىتايچە <خەننامە. ھون تەزكىرىسى>

**قەدىمقى كۇسەن دۆلىتىنىڭ ئاساسي ئاھالىلىرى ھىند-ياۋروپا تىلى قوللىنىدىغان توخرىلار ئىدى. 'توخرىلار' دېگەن بۇ قوۋم مىلادىيىدىن بۇرۇن ئۈچ مىڭىنچى يىللاردىن باشلاپ، خەلقئارا سودا يولىدىكى ھازىرقى ئافغانىستاندىن دۇخان (دۇنخۇاڭ) غىچە بولغان دائىرىدىكى ھەر قايسى يۇرتلارغا تارقىلىپ ياشىغان قوۋم بولۇپ، تارىم ۋادىسىدا ياشىغان توخرىلار مىلادى 10– ئەسىردە پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. ھازىرقى كۇچار (قەدىمقى كۇسەن) دا ھېلىمۇ 'توخۇلا' دەپ ئاتىلىدىغان يېزا-كەنتلەر بار. ***

亨宁著，徐文堪译《历史上的最初的印欧人》，《西北民族研究》*

**مىلادىيىدىن بۇرۇن 6 – ئەسىردە نىپالدا ئىجات قىلىنغان بۇددىزم، ئەينى زاماندىكى ئافغانىستاندا ياشايدىغان توخرىلار ئارقىلىق مىلادى 1-ئەسىردە كۇسەن دۆلىتىگە تارقىلىپ، تا مىلادى 13- ئەسىرگىچە داۋاملاشقان. سەددىچىنىنىڭ ئىچىگىمۇ توخرىلار ئارقىلىق مىلادى 2- يىلى تارقالغان.***

〈三国志〉*

**خىتاي تىلىدىكى 'بۇددا' (佛) دېگەن ئاتالغۇ قەدىمقى كۇسەن تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان. ***

*پروفېسسور جىشەنلىن <جوڭگو - ھىندىستان مۇناسىۋىتى تارىخى توغرىسىدا>

**كۇسەن دۆلىتى مىلادى 4-5- ئەسىرلەردە ئابدال خانلىقى** (ئاق ھون خانلىقى، ئېپتالىت خانلىقى، يەپتال خانلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) **نىڭ بىر قىسمى بولغان. ***

*< ۋېينامە.غەربىي يۇرت تەزكىرىسى>

**كۇسەن دۆلىتى مىلادى 6-7- ئەسىرلەردە تۈرك خاقانلىقىنىڭ بىر قىسمى بولغان. ***

*<جۇنامە .يات دىيار تەزكىرىسى> گە قاراڭ

**كۇسەن دۆلىتى مىلادى 8-9- ئەسىرلەردە ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ئۇ دەۋردە كۇسەن دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرى 'كۇسەن ئۇيغۇرلىرى' دەپ ئاتالغان . كۇسەن ئۇيغۇرلىرى بۇددىزم ئاتالغۇلىرىنى شۇ دەۋردە توخرىچىدىن قوبۇل قىلغان. مەسىلەن: ئەسلىدە سانسكرىتچە بولغان 'بۇددھا' دېگەن ئاتالغۇ توخرىچىدىن 'بۇت' دەپ قوبۇل قىلىنغان. ئەسلىدە سانسكرىتچە بولغان 'دھارما'** (قانۇن) **دېگەن ئاتالغۇ توخرىچىدىن 'درام' دەپ قوبۇل قىلىنغان. ئەسلىدە سانسكرىتچە بولغان 'نىرۋانا' دېگەن ئاتالغۇ توخرىچىدىن 'نىرۋان' دەپ قوبۇل قىلىنغان. ئەسلىدە سانسكرىتچە بولغان 'ساڭگا'** (راھىپلار گۇرۇھى) **دېگەن ئاتالغۇ توخرىچىدىن 'ساڭ' دەپ قوبۇل قىلىنغان.**

**قەدىمقى كۇسەن رەسساملىرى يەرلىك راھىپ، ساخاۋەتچى، ئىبادەتچىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشتا، ئۇلارنىڭ رېئال تۇرمۇشتا بېشىغا ئۇچلۇق تۇماق ،**

ئۇستىگە بوغما ياقلىق چاپان، پۇتىغا ئۇزۇن قونجىلىق ئۆتۈك كىيگەن، بېلىگە پۇتا (بەلۋاق) باغلاپ ئۇسترا-چاقماق ئاسقان شەكلىنى ئەينەن سىزىپ چىققان. ھەتتا ئۇلارنىڭ كەتمەن، ساپان قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىمۇ ئەينەن ئىپادىلىگەن. (بۇخىل كىيىم شەكىللىرى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى زامانىمىزدىمۇ ئۇيغۇرلار داۋاملىق قوللىنىدۇ. ) بۇ رەسىملەر قەدىمقى توخرىلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللاردۇر.

قەدىمقى كۇسەنلىك بۇددىزم ئۇستازى كۇماراجىۋا ( 344-413 – يىللاردا) سەددىچىنىنىڭ ئىچىدىكى چاڭئەن شەھرىگە بېرىپ نوم تەرجىمە قىلغان. سانسكرىتچىدىن 425 پارچە بۇددا نومىنى تەرجىمە قىلىپ خىتاي بۇددىزمىغا ئاساس سالغان.

قەدىمقى كۇسەن نەغمىچىسى، مۇزىكا ئۇستازى سۇدىپا (مىلادى 561-578 -يىللاردا) 'بەربەتكە تەڭكەش قىلىنغان يەتتە خىل كۇسەن نەغمىسى' بىلەن چاڭئەن شەھرىدە داڭ چىقارغان. شۇنىڭدىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا نەغمىسى سۇدىپا ئورۇنلىغان كۇسەن نەغمىسى ئاساسىدا يارىتىلغان.

قىزىل مىڭئۆيگە سىزىلغان رەسىملەرنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرستى پروفېسسورى يەنئۆپىرۇ ئەپەندى تۆرت دەۋرگە ئايرىغان. 17-، 47-، 69- غارلارنى 1- دەۋرگە (مىلادى 25-220- يىللارغا)؛ 14-، 38-، 114-، 175-، 178- غارلارنى 2- دەۋرگە (مىلادى 265-420- يىللارغا) ؛ 8-، 34-، 64-، 80-، 110-، 163-، 224- غارلارنى 3- دەۋرگە (مىلادى 420-618 – يىللارغا) ؛ 67 -، 116-، 118- غارلانى 4- دەۋرگە (مىلادى 618- 1376- يىللارغا) ئايرىغان. كېينكى يىللاردا كاربون 14 ئارقىلىق تەكشۈرۈلگەندە، 47 - غاردىكى رەسىملەرنىڭ يىل – دەۋرى 1984- يىلدىن 1970-+50 يىل بۇرۇن ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان.*

*<مەدەنىي يادىكارلىقلار > 1962- يىل 7-8- بىرلەشمە سان.

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمەھالى

**ئاپتور:** قۇربان ۋەلى، مۇستەقىل تەتقىقاتچى
2012 - يىلى ئامېرىكا ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىدىن ئارامغا چىققان

**تەتقىقات دائىرىسى:**
تۈركىي، ھىندى- ياۋروپا ۋە خىتاي تىل-مەدەنىيەتلىرى بۇيىچە سېلىشتۇرما تەتقىقات

**كەسپىي بىلىم:**
✪1979 - 82 - يىللاردا بېيجىڭ ئۇنىۋېرستى جەنۇبىي ئاسىيا ئىنستوتى ئاسپىرانتلار سىنىپىدا سانسكرت كەسپىنى پۈتتۈرگەن
✪1972 - 75 - يىللاردا شىئەن غەربىي-شىمال ئۇنىۋېرستى تارىخ پاكولتېتىدا ئارخېئولوگىيە كەسپىنى پۈتتۈرگەن. شىئەن، يەنئەن، دۇنخۇاڭ، تۇرپان، مىرەنلەردە پراكتىكا كۆرگەن.

**ئەسەرلىرى:**
✪<بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز> 1986 –يىلى، ئۈرۈمچى
✪<قىزىل مىڭئۆيي رەسىملىرى ھېكايىسى> 1987-يىلى، ئۈرۈمچى
✪<قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى> 1989- يىلى، ئۈرۈمچى
✪ <ئۇيغۇر تارىخىدىكى ھۆنەر-تېخنىكا> 2015-يىلى،

**خىتاي ھۆكۈمىتى بەرگەن 'نام- ئۇنۋان' لار:**
✪1988 <شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس>
✪1987 <شىنجاڭدىكى قەدىمقى يېزىقلارنىڭ سىرىنى ئاچقان كىشى> ( <خەلق گېزىتى> 1987-يىل 1-ئاي 23-كۈنى )

**✪1986 <شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۆھپىدار پەن - تېخنىكا خادىم> ...**

## ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرىگە ئىنكاس:

**✪ <تيانشان دېگەن نام ھەققىدە مۇلاھىزە> (1981-يىلى يازغان) دېگەن ماقالىسىغا قارىتا خىتاي ھۆكۈمىتى چەكلەش بۇيرۇقى چىقارغان، (ھازىرغىچە)**

**✪ <مەھمۇد قەشقەرى مازىرىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى> (1983 - يىلى يازغان) ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ، مەبلەغ ئاجرىتىلىپ ‘مەھمۇد قەشقەرى مازىرى’ بىنا قىلدۇرۇلغان.**

**✪ <بۇغراخانلار تەزكىرىسى>نى نەشر قىلىشتا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ‘قەدىمقى قولىيازمىلارنى ئۆزگەرتىپ نەشر قىلىش’ ھەققىدىكى مەخپى بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلمىغانلىقتىن، 1990 - يىلى ‘بارىن توپىلىڭىنى قوزغاتتى’ دەپ قارىلانغان.**

**✪ 1988- يىلى قەدىمقى ئۇيغۇرچە قولىيازمىلاردىن رەتلەپ، تەھرىرلەپ نەشر قىلدۇرغان <ئۇيغۇر ھۆنەر-كەسىپ رىسالىلىرى> 2001 - يىلى 5 - ئايدا قەشقەردە چوڭ يىغىن ئېچىپ كۆيدۈرۈلگەن.**

## خىزمەت تەجرىبىسى:

**✪ 1998-2012-يىللاردا ئامېرىكا ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىدا ئاڭلاتقۇچى**

**✪ 1986-1992-يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمقى ئەسەرلەر رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئەزاسى، ئىشخانا مۇدىرى، باش تەھرىر ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستىدا ئاسپىرانت يېتەكچىسى**

**✪1975-1986-يىللاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ئارخېئولوگ**

**✪1962-1972-يىللاردا بايىنغولىن ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتتە تەرجىمان**

## يۇرتى:

**1946-يىلى12-ئاينىڭ 25-كۈنى چەرچەندە چوڭ كارۋان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.**